# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

15



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-12026-0

9 787228 120260 >

定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 15

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间故事. 15:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12026—0

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177989 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼·艾白,艾合买提·伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 15


نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرىژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12026—0
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن يامانىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەندى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ............1

كېسەلنىڭ سىرى ............8

ئۇسكەك پادىشاھ ............14

ئەتىرگۈل پەرى ............23

بۆزچى يىگىتنىڭ باتۇر ئاتىلىپ قېلىشى ......25

سودىگەرنىڭ ئوغلى ............30

چوكان ............48

ھاياتلىق سۈيى ............50

غايىب شەھەر ............63

قىسمەت ............67

يەتتە كېنىزەك ............74

ھېكمەتلىك سۆز ............79

ياماقچى بىلەن پادىشاھ ............97

سېھىرلىك ئالما ............108

ئاق كۆڭۈل دېھقان ............113

ئات باقار ............117

ھۇۋەي باتۇر ............121

قاينا، چۆگۈن ............128

ۋىجدانلىق ئايال ............132

ھۇرۇن ............146

# يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، يۈز - كۆزىنى قورۇق باسقان، ساقال - بۇرۇتى ئاپئاق بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بوۋاي يەتتە يېشىدىن تارتىپ باياۋاندىن يانتاق چېپىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ جان باقىدىكەن. بۇ بوۋاينىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. يانتاقچى بوۋاي يانتاق سېتىپ تاپقان پۇلغا بالىسىنى ئوقۇتۇپتۇ. بالىسى مەدرىسىلەرنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسىغا: «دادام مېنى ئەمدى ئۆيلەپ قويسۇن» دەپ كىشى قويۇپتۇ. بوۋايمۇ، كېلىن كۆرىدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولۇپ، كەلگەن كىشىدىن:

— ئوغلۇم كىمنى ئالىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزىنى ئالىمەن دەيدۇ، — دەپتۇ كەلگەن كىشى.

بوۋاي، بالام نېمە دەيدىغاندۇ؟ بىز گاداي تۇرساق، ئۇ پادىشاھ تۇرسا، بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپ... دەپ، بالىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپتۇ. بالا بوۋاينىڭ چىرايىدىن «بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئۇقۇپ، دادىسى گەپ سورىغۇچە:

— دادا، غەم قىلماڭ، پادىشاھقا بىز تەڭ كېلەلەيمىز، — دەپتۇ. بوۋاي تەڭقىسلىقتا قېلىپ:

— قانداق تەڭ كېلىمىز؟ — دەپتۇ. بالىسى:

— ئەتە يانتىقىڭىزنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ پۇلىغا ماڭا بىر قۇتا قىزىل بوياق، بىر قۇتا سېرىق بوياق، بىر قۇتا يېشىل بوياق، ئون تاختا قەغەز ئەكېلىپ بېرىڭ، ئاندىن كېيىن كارامەتنى كۆرىسىز، — دەپتۇ.

بوۋاي بازارغا بېرىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاچىقىپتۇ. بالا شۇ كېچىسى تۈن بويى ئولتۇرۇپ گۈل ياساپتۇ. تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا، دادىسىغا:

— دادا، ھازىر قولىڭىزغا تېۋىلغا سۇپۇرگە بىلەن چېلەكنى ھەم مۇنۇ گۈللەرنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئوردىنىڭ ئالدىنى پاكىز سۇپۇرۇپ، سۇ چېچىپ، گۈللەرنى دەرۋازىنىڭ بېشىغا قاداپ قويۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ. يانتاقچى بوۋاي بۇ ئىشنى دېگەندەك ئورۇنداپ قايتىپ كەپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھ تالاغا چىققۇدەك بولسا، دەرۋازىنىڭ بېشىدا چىرايلىق گۈللەر ھىد چېچىپ تۇرغان، قارىسا، ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى نۇرلىنىپ كەتكەن. پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا ئەقلى ھەيران بولۇپ: «ۋاھ، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ۋەزىرلىرىنى قىچقارتىپتۇ، ۋەزىرلىرىمۇ ھەيران بولۇپ قاپتۇ.



پادشاھ يۇرتتىكى جەمى ئادەمنى يىغىپ سوراپتۇ، ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. پادشاھ خەلققە يالۋۇرۇپ:

— ۋاي خەلقىم، بۇنداق ئىش زاماندىن بېرى بولمىغان، بۇ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن ياخشىلىق. ئېيتىپ بېرىڭلار، كىمكى ئېيتىپ بەرسە، شۇ ئادەمگە ۋەزىرلىك ئەمەل بېرىمەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا يىغىلغان خەلقنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم سەكرەپ چىقىپ:

— ياڭاقچى بوۋاي تاڭ يورۇي دېگەندە مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، — دەپتۇ.

پادشاھ يىغىلغانلار ئىچىدىن ياڭاقچى بوۋاينى ئىزدەتكۈزسە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ. ئاخىر ئۆيىگە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار ياڭاقچى بوۋاينى ماڭ دېسە، ماڭ دەپ قىستاپتۇ. بوۋاي مېڭىشتىن ئاۋۋال، ئوغلىغا:

— جېنىم بالام، مېنى پادشاھ بىكارغا قىچقارمىدى، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرىدۇ. خوش، بالام، رازى بولغىن. مېنى ئاسىدىغان دارنىڭ ئۈستىگە بىر تال ساقىلىمنى ئىلىپ قويىمەن. سەن شۇ ساقىلىمنى ئېلىپ قورسىقىڭدىكى ئىلىمنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەرسەن، — دەپ خوشلىشىپتۇ. ياڭاقچى بوۋاي پادشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادشاھ يۇمشاقلىق بىلەن سوراپتۇ. بوۋاي، پادشاھنىڭ بىزگە مېھىر- شەپقىتى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— پادشاھ جانابلىرى، مېنىڭ بىر يالغۇز ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇنى ئوقۇتۇپ ئالىم قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ سىزنىڭ قىزىڭىزغا كۆڭلى بار ئىكەن. شۇ ئوغلۇمنىڭ ئارزۇسى بىلەن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغان، — دەپتۇ.

پادشاھ ياڭاقچى بوۋاينىڭ ئۈستۈېشىغا قاراپ، مەن بىر پادشاھ تۇرسام، بۇ بىر يالاڭ ئاياغ تۇرسا، مۇشۇنىڭ بىلەن

قۇدا بولارمەنمۇ، دەپ غەزەپلىنىپتۇ، جاللاتلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ يالاڭ ئاياغ يانتاقچى بوۋاينى دارغا ئېسىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. جاللاتلار بوۋاينى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

يانتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى كېلىپ قارىسا، دادىسى ئې- سىقلىق، بىر تال ساقىلى دار ئۈستىدە ئىلىقلىق تۇرغۇدەك. بالا دەررۇلا ھېلىقى بىر تال ساقالنى ئېلىپ دەم ساپتىكەن، دادىسى تىرىلىپ، دارنىڭ ئارغامچىلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. دادىسى خۇشال بولۇپ، بالىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، بالا دادىسىغا:

— ۋاي دادا، بۈگۈن بازارغا يەنە يانتاق ئەكىرىپ سې- تىپ، ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك بوياق، قەغەزلەرنى ئېلىپ چى- قىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي تېخىمۇ ئوبدانراق قەغەز بىلەن بوياقلارنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بالا شۇ كېچىسى ئاۋۋالقىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق گۈللەرنى ياساپ، دادىسىنى يەنە پادشاھنىڭ ئوردى- سىغا ئەۋەتىپتۇ. بوۋاي ئوردىنىڭ ئالدىنى ئاۋۋالقىدىن نەچچە



ھەسسە پاكىز سۇپۇرۇپ، سۇزۇك سۇلارنى چېچىپ، گۈللەرنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك جايغا ئېسىپ قايتىپ كەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ تالاغا چىقسا، كۆزلىرىنى گۈللەر چېقىپ، ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى پال - پۇل قىلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر - لىرىنى چاقىرىپ سوراپتۇ، ۋەزىرلىرى جاۋاب بېرەلمەپتۇ. خەلقنى چاقىرتىپتۇ، ئاۋۋالقى قېتىم كەلگەن خەلق: «پادىشاھ يالغانچى» دېيىشىپ، ئازلا بىر قىسىم ئادەم كەپتۇ. پادىشاھ يەنە ھىيلىگەرلىك بىلەن يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا توپنىڭ ئىچىدىن بىرى تۇرۇپ:

— يانتاقچى بوۋاي بۈگۈن سەھەردە مەشەدە يۈرەتتى، — دەپتۇ. پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— يانتاقچى بوۋاي ئۆلگەن ئەمەسمۇ؟ ! — دەپ ئىشەن - مەپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— يانتاقچى بوۋاينى راست كۆردۈم، يالغان ئېيتقان بولسام، كۆزۈمنى ئويۇڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ يانتاقچى بوۋاينىڭ ئۆيىگە چاپارمەنلىرىنى ئەۋەت - سە، يانتاقچى بوۋاي ئۆيدە ئىكەن. ئۇلار دەررۇلا يانتاقچى بوۋاينىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھنىڭ ئال - دىغا ئېلىپ كەپتۇ. يانتاقچى بوۋاي بىرىنچى قېتىم ئېيتقان سۆزىنى يەنە ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كې - لىپ، قۇيقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يەنە دارغا ئاستۇرۇپ ئۆل - تۈرۈپتۇ. بۇ قېتىممۇ يانتاقچى بوۋاي يەنە بىر تال ساقلىنى دارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. بالىسى كېلىپ دادىسىنىڭ ساقلىنى ئېلىپ بىر «سۇف» دەپ دەم سايتىكەن، شۇ زامات بوۋاي تىرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. بوۋاي بالىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ. كەلگەندىن كېيىن بالا يەنە گۈل ياساپتۇ.

پادىشاھ بۇ قېتىم ئاۋۋالقىدىنمۇ چىرايلىق گۈللەرنى كۆ -

رۇپتۇ. يانتاقچى بوۋايدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ۋە-زىرلىرىگە: «ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟» دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا مەلىكىنى بەرمىسەك بول-مايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— توختاڭلار، يانتاقچى بوۋاينى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئۇ-نىڭغا ناھايىتى ئېغىر سېلىق سالايلى. شۇنى قىلالىسا، ئاندىن مەلىكىنى بېرەيلى، — دەپتۇ يەنە بىرى. پادىشاھ ماقۇل بوپ-تۇ. يانتاقچى بوۋاينى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ھوي يانتاقچى، سەن مەن بىلەن قېرىشىپ قالدىڭ، ماقۇل، قىزىمنى بېرەي، ئەمما بىر شەرتىم بار، شۇ شەرتىم-نى ئادا قىلىسەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— بولىدۇ، قېنى ئېيتسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— مۇشۇ ئوردىنىڭ ئالدىدىكى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاستى - ئۈستى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن، بوسۇغىسى گۆھەردىن يەتتە قەۋەت ئۆي ياسايسەن. دەريانىڭ سۈيىنى يەتتە گەز قى-لىپ ئاققۇزىسەن. بۇنى ئون بەش كۈندە پۈتتۈرىسەن، شۇ چاغدا ساڭا كېلىنلىككە قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— خوپ، پادىشاھىئالەم، ئوغلۇم بىلەن مەسلىھەتلىشەي، — دەپ، ئوردىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ توپتوغرا ئۆيىگە كەپ-تۇ ۋە بولغان ۋەقەنى بالىسىغا دەپ بېرىپتۇ. بالىسى:

— دادا، بىز ئۇنى ئون بەش كۈندە ئەمەس، ئۈچ كۈندە پۈتتۈرۈۋېتىمىز، پادىشاھقا بېرىپ ئېيتىڭ، — دەپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، سىز ئون بەش كۈنلۈك مۇددەت بېرىپسىز، ئۇنداقتا بەك كېچىكىپ كېتىدىكەن. بالام: «ئۈچ كۈندە پۈتتۈرۈۋېتىمىز» دەيدۇ. مۇددەتنى ئۈچ كۈنگە قىسقار-

تىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ.

ياتتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى غېمىدە يوق ئىككى كۈن بىكار يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى كىتابنى ئېچىپ بىر ئوقۇپتىكەن، پادىشاھنىڭ دېگىنىدەك جاي بىنا بوپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى سول قول ۋەزىرىنى: «قېنى، كۆرۈپ كەلگىن، ياتتاقچى بوۋاي سېلىقنى ئورۇندىدىمۇ، يوق؟» دەپ ئەۋەتىپتۇ. سول قول ۋەزىرى:

— ۋاي پادىشاھئىئالەم، سىلى دېگەندىن ئارتۇق قىلىۋېتىپتۇ، — دەپ كەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەنمەي ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ شۇنداق دەپ كەپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەي، ئۆزى بېرىپ قارىسا، راست ئۆزى ئېيتقان جاي پۈتكەنىكەن. پادىشاھ ئەمدى ھېچقانداق گەپ قىلماستىن، قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى ياتتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى كۈيئوغلىدىن:

— سىز قانداق قىلىپ شۇنچە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، كۈيئوغۇل:

— دادام مېنى ياتتاق سېتىپ قىينىلىپ يۈرۈپ ئوقۇتقان، دادامنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىسۇن، دەپ ياخشى ئوقۇدۇم، ئاخىر مۇشۇنداق ئادەم بولدۇم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ: «ماڭا ئوخشاش بىلىمسىزلەر پادىشاھ بولغۇچە، مۇشۇنىڭدەك بىلىملىك ئادەم پادىشاھ بولسۇن» دەپ، پادىشاھلىقنى كۈيئوغلىغا بېرىۋېتىپتۇ. ئوغۇل: «مېنى مۇشۇنداق ياخشى ئادەم قىلغان دادام پادىشاھ بولسۇن» دەپ، دادىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ.

ياتتاقچى بوۋاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن يۇرت ئاۋات ۋە مەمۇرچىلىقتا ئۆتۈپتۇ.

# كيەلنىڭ سىرى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانىنىڭ زامانىسىدا، كۈنپېتىشنىڭ نېرىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئوتتۇرا ياشقا كەلگۈچە پەرزەنت يۈزى كۆرمەي ھەسرەتتە ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن ئوغلىنىڭ ئات تويىنى شەھەر بويىچە ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە بۇ ئوغلىنى مەخسۇس ئادەملەرنى تەيىنلەپ، بەكمۇ ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. ئەمما، بەختكە قارشى، بۇ شاھزادە بەش ياشلارغا كىرگەندە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنى شەھەردىكى داڭلىق تېۋىپلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شاھزادىنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، بېشى قاپاقتەك، بويىنى ساپاقتەك، قورسىقى دۇمباقتەك، پۇتى تاياقتەك بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى شەھەرلەرگە: «تېۋىپلارنىڭ بىرىمۇ قالماي دەرھال شاھ ئوردىسىغا ھازىر بولۇپ، شاھزادىنىڭ كېسىلىنى نۆۋەت بىلەن كۆرسۇن. شاھزادىنى ساقايتالىغانلارغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىمەن، ساقايتالمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇ پەرمانغا بىنائەن پادىشاھلىق تەۋەسىدىكى ھەممە شەھەرلەرنىڭ تېۋىپلىرى ئارقا - ئارقىدىن

ئوردىغا كېلىپ توپلىنىپتۇ، ئاندىن بىردىن ـ بىردىن كىرىپ
شاھزادىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. داڭلىقراق تې-
ۋىپلار ئالدىدا كۆرگەنىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ
كېسەلگە بىرەر ئۇنۇملۇك داۋا تاپالمىغاچقا، ھەممىسىنىڭ
كاللىسى ئېلىنىپتۇ. بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ قېشىد-
غا كىرىشكە تېخى نۆۋەت كەلمىگەن تېۋىپلار قورققىنىدىن
غال ـ غال تىترەشكە باشلاپتۇ. كۆپچىلىك بولسا، شەھىرد-
مىزدە تېۋىپلارنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ
قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ھەممە ئادەم ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، بىد-
ئارام بوپتۇ.

شۇ شەھەردە پاراسەتلىك بىر مۇنەججىم بار ئىكەن. مۇ-
نەججىم بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى ئاڭلاپ، تېۋىپلارنىڭ بىھۇدە
قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ھەم پادىشاھنىڭ
نادانلىقى بىلەن زالىملىقىغا غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ تېۋىپلارنى
قۇتقۇزۇپ، كۆپچىلىكنى قايغۇدىن خالاس قىلىشنىڭ چارىسى
ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپتۇ، ئاخىر، شاھزادىنىڭ قېشىغا
تەۋەككۇل قىلىپ بىر كىرىپ باقاي، كېسەلنى كۆرگەندىن
كېيىن بىرەر ئامال تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن
قارارغا كەپتۇ ـ دە، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. مۇنەججىم ئى-
جازەت بىلەن كىرىپ، شاھزادىنىڭ كېسىلىنى ئىنچىكىلىك
بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، شاھزادىنىڭ يېنىدىكى
ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە:

— قالغان تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتسۇن. مەن
ئاخشاملىققا كېلىپ شاھزادىنىڭ كېسىلىگە داۋا تاپىمەن. ئە-
گەر شاھزادىنى ساقايتالمىسام، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىم بىلەن
بىللە كېلىپ شاھ ئالىيلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىغا ھازىر بو-
لۇشقا رازىمەن، — دەپتۇ.

مۇنەججىمنىڭ بۇ ۋەدىسى پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆت-
كۈزۈلگەندىن كېيىن، نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان تېۋىپلارنىڭ
ھەممىسى مۇنەججىمدىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ئۆيلىرىگە
قايتىپ كېتىشىپتۇ. مۇنەججىممۇ ئۆيگە قايتىپ، ئوردىغا
كەچتە چىراغ ياقىدىغان ۋاقىتتا كەپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ قې-
شىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ۋەزىر - ئەمىرلەرگە:
— ھەممىڭلار چىقىپ كېتىپ، ئۆينى ماڭا خالىي قىلىپ
بېرىڭلار، شاھزادىنىڭ قېشىدا ئۆزۈم يالغۇز قالىمەن. ئۆيگە
چوڭ چىراغ ياقماي، بىر جىنچىراغ يېقىپ بېرىپ، ئىشىكنى
مەھكەم ئېتىۋېتىڭلار. سىرتتا ھېچقانداق ئاۋاز ياكى شەپە



بولمىسۇن، ئىشىكنى تاڭ ئاتقاندا ئېچىڭلار، — دەپتۇ. بۇ
شەرتلەر ئورۇندالغاندىن كېيىن، مۇنەججىم جىنچىراغنى
شاھزادىگە ئۇدۇل تامدىكى ئېگىز تەكچىگە قويۇپ، ئۆزى نې-
پىز قارا شايى پەردىگە ئورىلىپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ
خۇدادىن مەدەت تىلەپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈ-
چۈن ئوڭ قولىغا بىر تال يىڭنە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى سول
قولىغا تېگەر - تەگمەس تۇتۇپ، شاھزادە تەرەپكە تىكىلىپ تۇ-
رۇپتۇ. بىچارە شاھزادە ئۆز تۆشىكىدە ئاۋۋالقى پېتى مىدىر-
لىماستىن، قورسىقىنى دومبايتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ
خارقىراپ ياتىدىكەن، ئۆينىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇ-
دەك دەرىجىدە جىمجىت ئىكەن. ۋاقىت شۇ ھالەتتە ئۆتۈپ يېرىم
كېچە بولغاندا، چىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، شاھزادىنىڭ
ئاغزىدىن قىپقىزىل بىر يىلان چىقىپتۇ. بۇ يىلان شاھزادى-
نىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ توختاپتۇ، ئاندىن ئەۋرەز تەرەپ-
تىن ۋىشىلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئەۋرەز ئىچىدىن بىر
چار يىلان چىقىپتۇ. بۇ يىلان ئەۋرەزنىڭ چۆرىسىنى بىر ئاي-
لىنىپ توختاپتۇ. مۇنەججىم بۇ يىلانلارنى كۆرۈپ قاتتىق
قورقۇپ، تېنى شۈركۈنۈپتۇ، ئەمما بۇ كارامەتنىڭ ئاخىرىنى
بىلمەكچى بولۇپ، چاندۇرماي ۋە مىدىرلىماي، تىكىلىپ ئول-
تۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا چار يىلان قىزىل يىلانغا خىرىس قىلىپ:
— سەن شاھزادىنىڭ ئىچىگە قىلدەك ۋاقتىڭدا كىرگە-
نىدىڭ، شۇنىڭدىن بۇيان شاھزادىنىڭ قورسىقىنى ئۇۋا قىلىپ
يېتىپ، شاھزادىنىڭ قۇۋۋىتىنى شوراپ يوغىناپ، شاھزادىنى
كاردىن چىقاردىڭ. ئەگەر كۈچۈلا بىلەن كاۋاۋىچىنى قوشۇپ
قاينىتىپ سۈيىنى شاھزادىگە ئىچۈرسە، سەن شاھزادىنىڭ
ئىچىدىن قاقتەك - ماياقتەك بولۇپ چۈشەتتىڭ، شاھزادە تېز
ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى، — دەپتۇ. شۇ چاغدا قىزىل يىلان

چار يىلانغا خىرىس
قىلىپ:
— سەنمۇ ئەۋ-
رەزگە قىلدەك ۋاقتىڭدا
پەيدا بولغانىدىڭ،
شۇنىڭدىن بۇيان ئەۋ-
رەزگە تۆكۈلگەن
نەرسىلەر بىلەن ئو-
زۇقلىنىپ يوغىناپ،
ئەۋرەزنىڭ ئاستىغا



پادىشاھنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ۋاقتىدا كۆمۈلگەن قىرىق كۈپ ئالتۇننى بېسىپ يېتىۋاتىسەن، بۇنى ھېچكىم بىلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر نۆشۈدۈر بىلەن ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، سۈيد-نى ئەۋرەزنىڭ تۆشۈكىدىن قۇيىدىغان بولسا، تىن تارتماي جان بېرەتتىڭ، — دەپتۇ.

بۇ كارامەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران قالغان، ھەم خۇشاللانغان مۇنەججىم ھاياجانلانغىنىدىن يېنىككىنە بىر يۆتىلىپ سالغانىكەن، ھەر ئىككى يىلان دەرھال ماكانلىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مۇنەججىم بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ، تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

تاڭ ئېتىپ ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن، مۇنەججىم ئو-دۇل پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، شاھزادىنى جەزمەن سا-قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ بۇنى ئاڭلاپ كۆپ خۇر-سەن بولۇپ:

— ئەگەر شاھزادىنى جەزمەن ساقايتساڭ، قانداق تەلىپىڭ بولسا، شەرتسىز بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ. مۇنەججىم شاھزادىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، چار يىلاندىن ئاڭلىۋال-

غنى بويىچە كېرەكلىك دورىلارنى ئەكەلدۈرۈپ، شاھزادىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. پادىشاھ مۈنەججىمگە ئاپىرىن ئوقۇپ:

— ئەمدى قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت! — دەپتۇ.

— باشقا ھېچقانداق تەلىپىم يوق، — دەپتۇ مۈنەججىم مەمنۇنىيەتلىك بىلەن، — شاھزادە ياتقان ئاشۇ ئۆينى مېنىڭ ئىلكىمگە بۇيرۇپ بەرسىلە، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىمەن.

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەم تەئەججۈپلىنىپتۇ، ھەم بىرئاز غەزەپلىنىپ:

— ماڭا شۇنداق چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاران بىر ئېغىز ئۆي سورىغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ. مۈنەججىم سىرنى يوشۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۇ ئىشىم شاھ ئالىيلىرىغا قانچىلىك چوڭ كۆرۈنگىنى بىلەن، مېنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ بىر ئېغىز ئۆيگە يا-رىغۇدەك بىر ئىش. شاھ ئالىيلىرىدىن مېنىڭ سورايدىغىنىم ئۆز ئەجرىمگە لايىق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزدىن مەمنۇن بولۇپ:

— خەير، بوپتۇ. ئەگەر تەلىپىڭ شۇلا بولىدىغان بولسا، شۇ ئۆينى ھەممە بىساتلىرى بىلەن ساڭا ھەدىيە قىلىپ بەر-دىم، — دەپتۇ.

مۈنەججىم بۇ ئۆينى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال قىرىق يىلاندىن ئاخىلىۋالغىنى بويىچە نۆۋەتدىن بىلەن ھاكنى قايىنىتىپ، ئەۋرەزنىڭ تۆشۈكىگە تۆكۈپ چار يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئەۋرەزنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئاس-تىدىكى قىرىق كوپ ئالتۇننى مەخپىي ھالدا ئۆز ئۆيىگە بىر-بىرلەپ توشۇشقا باشلاپتۇ. مۈنەججىم قىرىق كوپ ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالتۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە قالغان ئۆمرىنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.

# ئۆسكەك پادشاھ

قەدىم زاماندا، كۆنچىقىش بىلەن كۈنپېتىش ئارىلىقىدىكى بىر دىياردا قىسمەت ئىسىملىك بىر پادشاھ ئۆتكەن بولۇپ، شاھلىق سەلتەنىتىنى سۈرەر ئىكەن، سەلتەنىتىنىڭ شۆھرىتى ئاشقانسېرى ئۆزىنى شاھىنشاھ ھېسابلاپ، كۈندىن - كۈنگە تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان، گۇمانخور بولۇپ قاپتۇ، شاھنىڭ نالايىق ئىشلىرى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىپ قويغانلىكى كىشلەرنى يا ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇپتۇ، يا بولمىسا زىندانغا تاشلاپتۇ، «جىنايىتى» ئېغىرراقلىرىنى جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا تاپشۇرۇپتۇ. شاھنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلگەن بىر تۈركۈم پۇرسەتپەرەس ۋەزىر ۋە ئوردىنىڭ باشقا ئەركانلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن پادشاھقا يېقىنلىشىپ، خۇشامەت قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرىنى شاھقا چېقىپ يامان كۆرسىتىشكە كىرىشىپتۇ. پادشاھمۇ ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىنى ھۆرمەت، ساداقەتلىك دەپ چۈشىنىپ، ئوردىنىڭ مۇھىم، چوڭ ئىشلىرىنى ئاشۇ سۈيىقەستچى، ناپاك كىشلەرگە تاپشۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، ئوردىدا ئادىللىقنىڭ سايىسىمۇ قالماپتۇ، خەلق كۈندىن - كۈنگە ئېغىر كۈنگە قاپتۇ، يۇرت، شاھلىق خانىۋەيرانلىققا يۈزلىنىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادشاھ قىسمەت چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇنداق بىر

ئاجايىپ ئىش كۆرۈپتۇ: ئۇ ئىچىگە نۇرغۇن بۇلبۇل ۋە تۇمۇچۇقلار سولانغان ئالتۇن قەپەسنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارارمىش. بۇنى ئاز كۆرۈپ يەنە بۇلبۇل، تۇمۇچۇق تۇتىمەن دەرمىش ۋە ئالدىغا بىر قوتان ئورۇق قويلارنى سالغىنىچە ھەيدەپ مېڭىپ بىر قاقاس چۆلگە بېرىپ قالغانمىش. ئاچ قالغان قويلار قورساق غېمىدە پادىشاھنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەنمىش. پادىشاھ قويلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، بىرھازا يول يۈرۈپ بىر بەلدىن ئاشسا، قويلىرى سۇلىرى ئەلۋەك، ئوتلىرى مول بىر گۈزەل يايلاقتا ئوتلاۋاتقۇدەكمىش. پادىشاھ قويلىرىنى تاپقانغا خۇشال بولۇپ، ئۆز ماكانىغا ھەيدىسە، قويلار ماڭمىغۇدەكمىش، قويلار ئارىسىدىكى سەركىلەر خىلمۇخىل رەڭدە كۆرۈنەرمىش. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ يېقىن بارسا، بىر سەركە سەكرەپ كەلگىنىچە پادىشاھنى ئۈسكەنمىش. ئۇنىڭ قولىدىكى قەپەسى يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنمىش، بۇلبۇل، تۇمۇچۇقلارمۇ ئۇچۇپ كەتكەنمىش. پادىشاھ چۆچۈپ ئويغانسا، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كۆرگەن چۈشىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي، ئوردىنىڭ ئەقىلدار، ئەمەلدار ۋە قەلەمدارلىرىنى چاقىرتىپ چۈشىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە چۈشىگە تەبىر تەلەپ قىپتۇ. ۋەزىر ۋە ئەمىر - بەگلەر ئارىسىدا بايان ئىسىملىك ئوڭ قول ۋەزىر بولۇپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئوردا ئەھلى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ۋەزىر بايان تەبىرىنى باشلاپتۇ:

— ئەي شۆھرىتىگە جاھان تارلىق قىلىۋاتقان ئۇلۇغ شاھ، خاسىيەتلىك چۈشلىرىدە ئايان بولغان ئالتۇن قەپەس

سەلتەنەتلىك ئوردا – ھەرەمدۇر ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئالدىلىرىدىكى بىر توپ قوي سىلىنىڭ ئادالەت نۇرلىرى بىلەن ھاياتلىقىقا ئېرىشكەن يۇرت پۇقرالىرىدۇر؛ ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپكە پېتىراپ كېتىشى يۇرت ۋە ئوردىدا پۇقرالارنى يولدىن ئازدۇرغۇچى پىتنىچىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بېشارىتىدۇر؛ قويلار ئارىسىدىكى سەركىلەرنىڭ ھەر خىل رەڭدە كۆرۈنۈشى بولسا، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ سايىسىدە ياخشى كۈن كۆرۈپ، كۈنىگە بىر خىل يېڭى كىيىم كىيىپ يۈرگەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر، ۋەللاھۇئالەم. بۇزۇقلارنىڭ، پۇقرالارنى ئازدۇرغۇچى پىتنىخورلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىغاي ۋە مۇراد – مەقسەتلىرىگە يەتمىگەي، — دەپ تەبىرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

كۈچ – قۇۋۋەت، سەلتەنەت، شانۇشەۋكەت ھەم،
ئادالەت بابىدا تەڭدىشىڭ يوقتۇر.
يامغۇردەك ياغىدۇ شەپقەت – ئېھسانىڭ،
ئەھلى يۇرت ئاسايىشتا، قورسىقى توقتۇر.

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان «ئالىي نەسەبلىك»لەرنىڭ ھەممىسى ۋەزىر باياننىڭ تەبىرىنىڭ توغرىلىقىغا تەنتەنە قىلىشىپتۇ. پادىشاھمۇ چۈشىنىڭ بۇنداق ياخشى تەبىرگە ئېرىشكەنلىكىگە خۇرسەنلىكى تېشىپ، ۋەزىر باياندىن رازى – مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا زەر ياقىلىق كىمخاب تون كىيدۈرۈپتۇ، نۇرغۇن ئالتۇن – كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ، شۇنداقلا ۋەزىر باياننىڭ تەبىرىنى قوللاپ تەنتەنە قىلىشقان، ھەرقاچان پادىشاھنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان خۇشامەتچى ۋەزىر – ۋۇزرالارمۇ شاھنىڭ ئىنئاملىرىدىن قۇرۇق قالماپتۇ.

ھەممە ئىشنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆزىتىپ، ئەقىل

ئەلگىكىدە تاسقاپ ئولتۇرغان، پادىشاھ قىسمەتنىڭ دادىسىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئوردا ئاقىلدارى بولۇپ كېلىۋاتقان، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ياشانغان تەبرى ئالىم ئىسىملىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— راستىنى راست دېمەك لازىمدۇركى، پادىشاھ چۈشىدە كۆتۈرۈۋالغان قەپەس ۋەزىر بايان ئېيتقاندەك ئوردا - ھەرەم-دۇر؛ قەپەستىكى بۇلبۇل، تۇمۇچۇقلار پادىشاھنىڭ مەلىكە، كېنىزەكلىرىدۇر؛ يەنە بۇلبۇل، تۇمۇچۇق تۇتماقچى بولغانلىق بولسا، شۇنچە كۆپ مەلىكە، كېنىزەكلىرى تۇرۇقلۇق يەنە خو-تۇن ئېلىش نىيىتىدە بولغانلىقلىرىنىڭ بېشارىتىدۇر؛ ھەيدەپ يۈرگەن ئورۇق قويلار بولسا، ھال - مادارىدىن كەتكەن پۇقرالارنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر؛ ئوتسىز يايلاق يۇرتىمىزنىڭ خاراب-لىشىپ چۆللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى-دۇر. يۇقىرىقى ئالامەتلەردىن ئاياندۇركى، پادىشاھلىق سەلتەنەت ئۇزاققا قالماي پاتىپاراقچىلىق خەۋپىگە دۇچ كەلگۈسى. سەر-كىلەرنىڭ ھەر خىل رەڭدە كۆرۈنۈشى بولسا، ئوردا ئەركانلى-رى ئارىسىدىكى رەڭۋازلىق، خۇشامەتچىلىكنىڭ چۈشتە ئايان بولۇشىدۇر. بۇ رەڭۋازلىق سىرلىرىمۇ ئۇزاققا قالماي خەلقئا-لەم ئالدىدا ئايان بولغۇسى، — دەپ، تەبرى ئالىم سۆزىنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ:

پەلەككە يەتسىمۇ باشىڭ، ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
مېھىر - شەپقەتنى يار تۇتساڭ، سېنى قوللار ھامان ئەل - يۇرت.
بىلىپ قويغىنكى، ئەي شاھىم، تەختىنىڭ يىلتىزى يوقتۇر،
قىلىپ كۈل تاشلىغاي بىلسەڭ، خەلقىنىڭ ئاھىدىن بىر ئوت.

تەبرى ئالىمنىڭ تەبرى بايانىنى ئاڭلاپ غەزىپىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان پادىشاھ نەزمنى ئاڭلاپ تەخت كۇرسىدىن

چاچراپ تۇرۇپ: «جاللات!» دەپ ۋارقىراپتۇ. قان سېغىنىپ تۇرغان ئىككى جاللات «كىمنىڭ ئۆمۈر ـ رىزقى تولدىكىن؟» دەپ، قېنى سۇرتۇلمىگەن قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ تەبىرى ئالىمغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىپتۇ، جاللاتلارمۇ ھۆكۈمنى شۇئان ئىجرا قىپتۇ. تەبىرى ئالىمنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىگە نارازى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوردىدىن ھەيدىلىپتۇ.

يۇقىرىقى ۋەقە بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، پادىشاھ قىسمەتىنىڭ بېشى قىچىشىدىغان بولۇپ قېلىپ، كۇنسېرى ئېغىرلىشىپتۇ. كېسەل شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، بىئاراملىقتىن تاماق يېيەلمەپتۇ، كېچىسى كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپتۇ. ئۇ ئوردىدىكى داڭلىق تېۋىپلارغا كېسىلىگە خاتىمە بېرىش پەرمانىنى چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولماپتۇ، ئەكسىچە پادىشاھنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلادتىپ، ساراڭدەك قىلىق قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغان ۋەزىر بايانىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھقا بىر خىل دورىنى ئەكېلىپ كۆرسىتىپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىئالەم، پېقىرلىرى ئۇشبۇ دورىنى شەھرى غايىبتىن ئالدۇرۇپ كەلدىم. ئىچسىلە، ئىنشائاللا رەنجىلىرىگە شىپا، دەردلىرىگە داۋا بولغۇسى، — دەپ، خۇشامەت بىلەن ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ.

بېشىنىڭ قىچىشىشى جېنىدىن ئۆتۈپ قاتتىق ئازابلىنىپ تۇرغان پادىشاھ دورىنى شۇ ھامان ئىچىپتۇ، ئىچىپتۇيۇ، شۇئان كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قانچىلىك ئۇخلىدىكىن، ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن، ئويغانسا بېشى ئېغىر تۇرغۇدەك، بېشىنى تۇتۇپ كۆرگۇدەك بولسا، بېشىنىڭ قىچىشىدىغان يېرىدىن ئىككى تال



مۇدۇر - چوقۇر قوپال مۈڭگۈز ئۈ-نۈپ چىقىپ چوق-چىيىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىدىن چۆچۈپ ھەيرانلىقتا چۆكۈپ-تۇ. بېشىنىڭ قى-چىشىشى بېسىققان-دەك قىلسىمۇ، ئەمدى مۈڭگۈزى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قىچىشىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ مۈڭگۈزىنى تاتىلاپ بېقىپتۇ، ئۇرۇپ بېقىپتۇ، تامغا ئۇسۇپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ، ئەكسىچە ئۇسكەنسېرى قى-چىشىپ، يەنە ئۇسكۈسى كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق قى-لىپ، پادىشاھ ئۇسكەكلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، كۆزى كۆرگەن، ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئۇسۇپ ۋەيران قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇسكەكلىكى شۇ دەرىجىگە يې-تىپتۇكى، ئالدى بىلەن ھەرەمخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ خا-نىش، كېنىزەكلىرىنى ئۇسۇپ سۇر - توقاي قىپتۇ. خانىش، كېنىزەكلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى پۈتۈن ئوردىنى قاپلاپتۇ. ۋەزىر بايان بۇ ئىشلاردىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، پادىشاھقا كۆرۈنۈشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، تېخىمۇ پىنھان يۈرۈپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈپتۇ. ۋەزىر باياندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇسكەنسېرى مۈڭگۈزى قىچىشىپ، قىزىپ، زادىلا تۇرال-مايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان پادىشاھ ئوردا ئىچىدە ئۇ-سۇشقا ئادەم تاپالماي، ئوردا دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ شەھەرگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇسكەكلىك كېسىلىدىن بىزار بولغان يۇرت

خەلقى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپتۇ. ئۇسكەكلىكتە ئەسەبىيلەش-
كەن پادىشاھ ئالدىغا توغرا كەلگەن نەرسىلەرنى، ئۆي ـ ئىما-
رەت، مال چارۋا، دەل ـ دەرەخلەرنىمۇ ئالا قويماي ئۇسىۋې-
رىپتۇ، ئۇسە ـ ئۇسە، مۇڭگۈزى زەخىملىنىپتۇ، ئۆزىمۇ هال-
سىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر،
پادىشاھ بىزگە يېتىشىپ قالدىمىكىن، دەپ قورقۇشۇپ ئارقى-
سىغا قارىغۇدەك بولسا، ئۇسكەك پادىشاھ يەردە سۇنايلىنىپ
ياتقان. ئۇلار ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىشىپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قولىدا چىرايلىق هاسا تۇتقان بىر
دەرۋىش توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ دەرۋىش پا-
دىشاھنىڭ ئۇسكەكلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، شەهەر
خەلقىگە ئېغىر تالاپەت يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدا
بىر سىر بار دەپ ئويلاپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قوشنا ئەللەرگىمۇ
ئاپەت كەلتۈرۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ساقايتىش
خىيالىدا بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. كېلىپلا ئەنە شۇ پاجىئەلەرنى



كۆرۈپتۇ. ھېلىقى دەرۋىش پادىشاھقا ھەم ئەجەبلىنىش، ھەم ئاچچىقلىنىش نەزەرىدە قاراپ تۇرغان كىشىلەرگە:

— ئەي يارەنلەر، مەن بۇنىڭ كېسىلىنى شۇنداق ساقايـ تايكى، — دەپ، قولىدىكى خاسىيەتلىك دەرەخ نوتىسىدىن يا- سالغان ھاسىسى بىلەن پادىشاھنىڭ مۇڭگۇزىگە قاتتىقمۇ ئە- مەس، بوشمۇ ئەمەس، شۇنداق بىرنى ئۇرغانىكەن، پادىشاھنىڭ مۇڭگۇزىدىن ئوت چاقناپ كېتىپتۇ ھەمدە مۇڭگۇزمۇ پادىشاھ- نىڭ بېشىدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر پارچە ئوت ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىچە قاراپ قاپتۇ. ھېلىقى دەرۋىش ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇچقۇنغا قارىتىپ تۇرۇپ:

— قېنى، يۇرتقا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن سۇيىقەستچىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇر! — دەپتىكەن، ھېلىقى ئۇچقۇن ئۇ- چۇپ بارغىنىچە، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يارتا تام كەينىدە بولۇۋاتـ قان ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇرغان ۋەزىر باياننىڭ كۆكرىكىگە تېگىپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. قارا نىيەت ۋەزىر ئۆزىنىڭ كۆيۈپ تۈگەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپتۇ، لېكىن يالغان تۇۋىسى- نى ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەپتۇ، شۇئاننىڭ ئۆزىدىلا كۆيۈپ، بىر ئوچۇم كۈلگە ئايلىنىپتۇ. يەنە شۇ زامات غۇرۇدە بىر شامال كېلىپ، ئۇنىڭ كۈلىنى ئۇچۇرۇپ سورۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ قىسمەت ئۆزىنىڭ قانداق ساقىيىپ قالغانلىقىنى يۇقىرىدىن ئاڭلاپ، خەلقىئالەم ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھ، سە- ۋەنلىكلىرىگە قاتتىق توۋا قىپتۇ، دەرۋىشنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ. دەرۋىش پادىشاھ قىسمەتكە:

— ئەي پادىشاھ، گۇناھىڭغا توۋا قىلغىنىڭ ياخشى، ئەۋ- زىلى توۋاڭنى ئەمەلدە ئىسپاتلىشىڭدۇر. سېنىڭ دەستىڭدىن تار-

قاپ كەتكەن پۇقرالىرىڭنى يىغىپ جەم قىل. ئۇلار ئالدىدا يۇرتنى ئادىل سورايدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەر ھەم ۋەدەڭگە ۋاپا قىل، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىسمەت ئەتراپتىكى كىشىلەر ئارىسىدىن بىرقانچە جاكارچى تەيىنلەپ، يۇرت - يۇرتقا ماڭدۇرۇپ «ئەل ئامان» پەرمانىنى جاكارلىتىپتۇ. جاكارنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، كېيىنكى ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ، پادىشاھنىڭ كېسىلىگە خاتىمە بەرگەن دەرۋىشكە تۈگىمەس رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشاھ قىسمەت دەرۋىشنىڭ ئېيتقىنى بويىچە پۇقرالارنى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىپ، يۇرت ئەھلى ئالدىدا، بۇنىڭدىن كېيىن ئەل - يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورايدىغانلىقى، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى ئوردىغا يولاتماي، ياخشى نىيەتلىك، ئەلسۆيەر كىشىلەرنى ئەتىۋارلايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ ئىپادىسى قىلىپ دەرۋىشنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر ھەم باش ئەقىلدار قىلىپ تەيىنلەپتۇ، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن تەبىرى ئالىمنىڭ ئاددىي قەبرىسىنى ئالاھىدە گۇمبەز قىلىپ قاتۇرۇشنى مېمارچىلارغا تاپشۇرۇپتۇ، نەزىر - چىراغنى چوڭ قىلىپ ئۆتكۈزۈشنى مۇلازىملارغا بۇيرۇپتۇ، ئالىمنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ، مەرھۇم تەبىرى ئالىمنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئوردىدىن ھەيدەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپتۇرۇپ ئەكېلىپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قايتىدىن ئادالەتلىككە ئېرىشكەن خەلق خۇشال - خۇرام، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# ئەتىرگۈل پەرى

ئۆتكەن زاماندا بىر جۈپ ئاچا - سىڭىل ياشىغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ كۈن كەچۈرىدىكەن. سىڭلىسى ساھىبجامال، ئاچىسى ئىنتايىن سەت، كۆرۈمسىز ئىكەن. ئاچىسى ئۆزىنىڭ سەتلىكىدىن بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن، سىڭلىسىمۇ دائىم ئاچىسىنىڭ غېمىنى يەپ، كۆڭلىنىڭ ھېچ ئارامى يوق ئىكەن. ئۇ ئاچىسىدىن يوشۇرۇنچە تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ بېرىپ، سەتنى چىرايلىق قىلىدىغان خىسلەتلىك شىپالىق دورىنى سۈرۈشتە قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سىڭلىسى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر ئەتىرگۈللۈك باغدا سەتنى چىرايلىق قىلىدىغان بىر پەرىنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ قاپتۇ - دە، دەرھال باغنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئەتىرگۈللۈك باغقا بارغۇچە ئۇنىڭ تارتمىغان جەبىر - جاپاسى قالماپتۇ. ھېچ ھالى قالمىغاندا، ئاخىر بۇ باغنى تېپىپتۇ. ئۇ پەرىگە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پەرى ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنىڭ قېنى بىلەن ئاق ئەتىرگۈلنى بوياپ ئاچاڭنىڭ بېشىغا قادىساڭ، ئاچاڭ شۇ ھامان بىر ساھىبجامالغا ئايلىنىدۇ، بىراق سەن سەت، كۆرۈمسىز بىر قىزغا ئايلىنىپ قالىسەن» دەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ئاق

ئەتىرگۈلنى بوياپ قىزىل ئەتىرگۈلگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئۇ، سەت بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاچام كۆرۈپ ئازابلانمىسۇن، دەپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، قىزىل ئەتىرگۈلنى ئاچىسىنىڭ بېشىغا قاداپتۇ. ئاچىسى ئىشىك ئالدىدىكى بۇلاق بويىغا بېرىپ سۇغا قارىغانىكەن، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ساھىبجامال قىزغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ چاغدا بىر مەيىن شامال كېلىپ سىڭلىسىنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى قايرىۋېتىپتۇ. ئاچىسى قارىسا، سىڭلىسى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىكەن. بۇ چاغدا ئەتىرگۈل پەرى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا: «مەن سېنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا شۇنداق دېگەنىدىم» دەپتۇ.



# بوزچى يىگىتنىڭ باتۇر ئاتىلىپ قېلىشى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، زامانلارنىڭ زامانىسىدا بۆز توقۇپ كۈن ئالىدىغان بىر يىگىت بولغانىكەن. ئۇ كۈندە بىر نانغا ئىشلىيەلىسە، ئۇنى تۆت پارچە قىلىپ، ئۈچ پارچىسىنى كۈندە يەپ، بىر پارچىسىنى كېيىنكى كۈننى ئويلاپ ئېلىپ قويىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئېلىپ قويغان نانلىرىغا قارىسا، چاشقان يەپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسا، بىر چاشقان چىقىپ، قويۇپ قويغان ناننى ئەپقېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۆزچى يىگىت قولىدىكى بۆز توقۇيدىغان موكىسىنى چاشقانغا بىر ئاتقانىكەن، چاشقان ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بۆزچى يىگىت، بۆز توقۇيمەن، دەپ ئويماندا جان تالىشىپ ئولتۇرغىنىمدىن كۆرە، موكام بىلەن جاڭگالغا بېرىپ ياۋا جانىۋارلارنى ئوۋلاپ، گۆش يېيىپ كۈن كەچۈرگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۆز توقۇيدىغان ئۈچ دانە موكىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، بىرئاز ئوزۇقلۇق ئېلىپ، جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ، كۈن بويى مېڭىپ ھېچنېمەنى كۆرمەپتۇ، گۇگۇم چۈشكەندە قارىسا، بىر يانتاق تۈۋىدىن بىر توشقان يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. بۆزچى يىگىت موكىسىنى بىر ئاتقانىكەن، توشقانغا تەگمەي، تاشقا تېگىپ سۇنۇپ كې-

تىپتۇ، ئەتىسى بىر كۈن مېڭىپ، قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدا
بىر جەرەننى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭغىمۇ بىر موكىسىنى ئاتقا-
نىكەن، جەرەنگە تەگمەي، قومۇشلۇققا چۈشۈپ يوقىلىپ كېـ-
تىپتۇ، بۇنىمۇ ئىزدەپ تاپالماي، بىر كۈن يول مېڭىپ، بىر
كۆل ياقىسىغا كېلىپ قونۇپ قاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارىسا، كۆل
بويىدا بىر ياۋا ئۆردەك تۇرغۇدەك، ئۇنىڭغىمۇ قېپقالغان ئا-
خىرقى بىر دانە موكىسىنى ئاتقانىكەن، ئۆردەك ئۇچۇپ كېـ-
تىپ، موكىسى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، يۈگۈرۈپ بېرىپ
كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ، سۇدىكى موكىسىنى ئىزدەپتۇ، لېكىن
تاپالماپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يەي دېسە، نېنى
يوق، ئوۋچىلىق قىلاي دېسە، موكىسى يوق، ئاخىر ئۇ قايتىپ
كېتىشنى قارار قىلىپ مېڭىپتۇ. بىر جاڭگالدا كېتىۋاتسا،
يولدا بىر ئېشەك قۇيرۇقى ئۇچراپ قاپتۇ. بۆزچى يىگىت بۇنى
كۆرۈپ، لازىم بولۇپ قالار، دەپ، ئۇنى خۇرجۇنغا ساپتۇ، يەنە
ماڭغاندىن كېـ-
يىن بىر تال
كاناي ئۇچراپـ-
تۇ، بۇنىمۇ
ئېلىۋاپتۇ،
يولدا يەنە بىر
تاشپاقىمۇ
ئۇچراپتۇ، ئۇ-
نىمۇ ئاپتۇ،
بىر جايلارغا
بارغاندا قور-
سىقى بەك ئې-
چىپ كېتىپـ-
تۇ، شۇنداق



بولسىمۇ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىركىم قارا دېگەندەك قىپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، بىر قورۇق كۆرۈنۈپتۇ، نېمىلا بولسۇن، مۇشۇ قورۇققا كىرىپ قورساق توقلاپ ئاندىن ماڭاي، دېگەن قارارغا كېلىپ، قورۇق تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ، كېلىپ قارىسا، بەكمۇ ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازا تۇرغان، قورۇققا كىرەي دېسە يەنە، كىرمەي دېسە يەنە، ئەڭ ئاخىردا كىرىشنى قارار قىلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، دەرۋازىنى ئاي دېسە، ئاي ئەمەس، كۈن دېسە، كۈن ئەمەس بىر قىز چىقىپ ئېچىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ جايغىمۇ ئادەم - ئىنسان كېلىدىكەنغۇ؟ — دەپ ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت ئۆيگە كىرىپتۇ. قىز يىگىتكە ئۆزىنىڭ بۇ جايغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بې-رىپتۇ. قىز ئەسلىي ئادەمزات بولۇپ، دىۋىلەر ئەپقېچىپ كەل-گەنىكەن. يىگىتمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئەنە شۇنداق ھال - ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت قايتماقچى بوپتۇ، قىزنى بىللە ئەكېتەي دېسە، دىۋىلەردىن قورقۇپتۇ. قىزمۇ:

— بولدى، دەردنى مەنلا تارتاي، سىز چاپسان قايتىپ كېتىڭ، ئۇلارنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، — دەپتۇ. يىگىت قىزدىن:

— دىۋىلەر قانداق كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دىۋىلەر كېلىشتىن بۇرۇن ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم - سىم يامغۇر ياغىدۇ، ئارقىدىن بوران چىقىدۇ، — دەپتۇ قىز.

يىگىت تالاغا چىقىشىغا ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم - سىم يام-غۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز:

— ئەمدى بولىدىغان ئىش بولدى، مۇشۇ جايدا بىر ئامال قىلىڭ، — دەپ، يىگىتنى كەتكۈزمەي ئىلىپ قاپتۇ. ئۇلار دەرۋازىلارنى چىڭ تاقاپ، قولۇپ سىلىپ تۇرغاندا دىۋىلەر كىلىپ، بۇ جايغا ئادەمزات كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ، دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ، ئىچىلماپتۇ. دىۋە قىزغا:

— دەرۋازىنى ئاچامسەن، يوق؟ — دەپتىكەن، قىز:

— مەيەردە بىر ئادەم بار، شۇ ئاچقۇزمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىۋىلەردىن بىرى:

— بۇرۇتىمىزنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنى قورقۇتۇپ ئاچقۇزايلى، — دەپ، بىر تال بۇرۇتىنى يۇلۇپ قورۇقنىڭ ئىچىگە پىرقىرىتىپ ئىتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت ھودۇقماستىن، يولدىن تىپىۋالغان ئىشەكنىڭ قۇيرۇقىنى پىرقىرىتىپ ئاتقانىكەن، بۇنى كۆرگەن دىۋىلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ.

— دەرۋازىنى ئاچامسەن، يوق؟ ئەگەر ئاچمايدىغان بولساڭ، پىتىمىزنى تاشلىساق، سىنى يەۋىتىدۇ ! — دەپتۇ دىۋىلەر.

— پىتىڭلارنى كۆرۈپ باقاي، قىنى ئىتىڭلار، — دەپتۇ يىگىت. دىۋىلەر دۈمبىسىدىن بىر تال پىتنى ئىلىپ پىرقىرىتىپ ئىتىپتۇ، قارىسا، بۆرە ياڭىقىدەك پىت يەرگە چۈشۈپ مىڭىپ يۈرگۈدەك. بۆزچى يىگىت:

— سىلەرنىڭ پىتىڭلار شۇ بولسا، مەنمۇ پىتىمنى ئىتىپ باقاي، كۆرۈپ بىقىڭلار، — دەپتۇ ـ دە، خۇرجۇنىدىن تاشپاقىنى چىقىرىپ ئىتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ دىۋىلەر قورقۇپ كىتىپتۇ. يەنە بىر سىناپ كۆرەيلى، دەپ، ۋارقىراپ بىقىشماقچى بوپتۇ. ئاۋۋال دىۋىلەر ۋارقىراپتۇ. ئاندىن بۆزچى يىگىت خۇرجۇندىن كانايىنى چىقىرىپ چالغانىكەن، دىۋىلەر: «بىز تۇگىمەس ـ پۈتمەس بالا ـ قازاغا ئۇچراپتىمىز، چاپسانراق جىنىمىزنى جايلايلى» دەپ، جاڭگالغا قاراپ تىكىۋىتىپتۇ. شۇ-

نىڭ بىلەن قىز ـ يىگىت خۇشال بولۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا
قايتىپ كېتىپتۇ. قىز ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ ئەڭ سۆ-
يۈملۈك قىزى ئىكەن. قىز يىگىتنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئە-
كىرىپتۇ. قىزىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالغىلى ئاز قالغان
پادىشاھ قىزىنى كۆرۈپ، تېنىگە يېڭىدىن جان كىرگەندەك
خۇشال بوپتۇ، ئەھۋالنى قىزدىن تەپسىلىي ئۇققان پادىشاھ
يىگىتكە چوڭ ئىنئام بېرىپ ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ بېغىغا بىر يولۋاس
كىرىۋاپتۇ، بۇنى ھېچكىم قوغلاپ چىقىرالماپتۇ. بۇ توغرۇلۇق
پادىشاھقا خەۋەر قىلغانىكەن، پادىشاھ دىۋىلەردىن قىزىنى قۇ-
تۇلدۇرۇپ كەلگەن يىگىتنى چاقىرىپ ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
پەرمانغا بىنائەن بۆزچى يىگىت كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا
قانداقلا قىلىپ بولسۇن، باغدىكى يولۋاسنى يوقىتىشنى بۇي-
رۇپتۇ. بۆزچى يىگىت بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ پادىشاھنىڭ
ئەمرىنى ئورۇندىماي ئامالى يوق ـ دە، ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق
ئويلاپ، ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ: بىر يوغان جۇۋىنى تەتۈر
كىيىپ، باغنىڭ تۈۋىدىكى تامغا يۆلىنىپ يېتىۋاپتۇ. يولۋاس
پىرقىراپ بۆزچى يىگىت تۇرغان جايغا كېلىپ، ئارام ئالاي
دەپ جۇۋىغا يۆلەنگەندە، يىگىت بىر سۈرەن سالغانىكەن،
يولۋاس قورقۇپ كەتكىنىدىن قاچىمەن دەپ، بىر تۈپ ئۆرۈك-
نىڭ شېخىغا قورسىقىدىن ئىلىنىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆر-
گەن خالايىق ھەيران قېلىشىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، يى-
گىتنى رازى قىپتۇ ۋە يۇرت خەلقىنى يىغىپ، قىرىق كېچە ـ
كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى بۆزچى يىگىتكە بېرىپتۇ. شۇنىڭ-
دىن تارتىپ ئۇنىڭ باتۇرلۇق داڭقى پۈتۈن يۇرتقا تارقىلىپتۇ.

# سودىگەرنىڭ ئوغلى

قەدىمكى زاماندا بىر سودىگەرنىڭ ئارزۇلۇق بىرلا بالىسى بولۇپ، سودىگەرنىڭ ئايالى بۇ بالىغا ئۆگەي ئىكەن. ئۆگەي ئانا سودىگەرنىڭ ئالدىدا بالىسىنىڭ باش - كۆزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلايدىكەن، سودىگەر سىرتقا چىقىپ كەتسىلا، سىلاپ - سىيپىغان يەرلىرىگە غەزەپ بىلەن ئۇرىدىكەن. بالا بولسا، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى دادىسىغا ئېيتالمايدىكەن، پەقەت دادىسى ئۆزىگە تەقدىم قىلغان ئاق قاشقىلىق قارا تايىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، تاي چوڭىيىپ ئات بوپتۇ، بالا چوڭ بولۇپ يىگىت بوپتۇ. ئۆگەي ئانا بالا بىلەن ئاتنىڭ شۇنچە ئېجىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرغەزەپ بوپتۇ. شۇ ئەتراپتا بىر پالچى موماي بار ئىكەن. ئۆگەي ئانا پالچى موماي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاتنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. سودىگەر ھىندىستان سەپىرىدىن يانارغا يېقىن ئايالى سۇرگە ئىچىپ كېسەل بولۇپ يېتىۋاپتۇ. سودىگەر ئايالىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پالچى مومايىنى چاقىرىپتۇ. پالچى موماي پال ئېچىپ:

— خېنىم خاپىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مۇشۇ ئۆيدە بىر قارا ئات بار ئىكەن، شۇنى ئۆلتۈ-

رۇپ گۆشنى يەپ، تېرىسىگە چۈشسە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

سودىگەر قارا ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ. بۇ خە-ۋەرنى ئاڭلىغان ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئاتنى ئۆلتۈرمەسلىكنى سوراپ زار - زار يىغلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆگەي ئانا بولسا، ئالەمنى مالەم قىپتۇ. سودى-گەر تەڭلىكتە قاپتۇ. سودىگەر بالىسىغا:

— ساڭا دۇلدۇل بولسىمۇ ئېلىپ بېرەي، بالام، بۇ ئاتنى ئۆلتۈرەيلى، — دەپتۇ.

— ھېلىغۇ دۇلدۇلكەن، دادا، — دەپتۇ ئوغلى، — پۈتۈن بىساتىڭىزنى خەت - مۆھۈر قىلىپ بەرسىڭىزمۇ مەن بۇ ئات-تىن كېچەلمەيمەن !

شۇنداق قىلىپ، سودىگەر ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قاپتۇ، دەرد - ھەسرەتتىن ئەقىل - ھوشى جايىدا بولماپتۇ. كېچە تەڭ بولۇپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، بالا دادىسىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچىنى ئېلىپ، قارا ئاتنى مىنىپ قېچىپتۇ، يۇرت - مە-ھەللىلەرنى ئارىلاپ، نۇرغۇن يول يۈرۈپتۇ، بىر ئېقىندىن ئۆ-تۈۋاتقاندا، بىر قاغىنىڭ قىرغاققا چىقىپ قالغان بىر يىلان بالىسىغا خىرىس قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، دەرھال قاغىنى ئۈركۈتۈۋېتىپتۇ، ئاتتىن چۈشۈپ، ھالسىزلىنىپ قال-غان يىلان بالىسىنى ئاستاغىنا سۇغا قويۇپ بېرىپتۇ.

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ يىلان زۇۋانغا كېلىپ، — سەن مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، نېمە تىلىكىڭ بار، ئېيت ! ئەجرىڭنى قايتۇراي !

بالا يىلاننىڭ سۆزلەۋاتقىنىدىن ھەيران بولۇپ:

— ھېچقانداق تىلىكىم يوق، — دەپتۇ.

— ھېچبولمىسا، سەن مېنىڭ ماياقلىرىمدىن بىرنەچچە

تال ئىلىۋال، ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا، كۆيدۈرسەڭ، ئەسقىپ-تىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ يىلان.

بالا يىلان ماياقلىرىدىن ئىلىپ ئىتىغا مىنىپ ئۆز يولىغا چۈشۈپتۇ، پايانسىز بىر قۇملۇققا چىقىپتۇ، كېتىۋاتسا، ئالدىدا بىرنەرسىنىڭ ۋىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، قارىسا، يوغان بىر ئاغمىخان ياتقۇدەك. بالا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ يىقىن بېرىپ قارىسا، ئاغمىخاننىڭ پۇتى ئىششىپ كەتكەنىكەن. بالا ئۇ جاراھەتنى ئىغىز ئالدۇرۇپ، ئۇ يەردىكى تىكەننى ئىلىۋېتىپ، تېڭىپ قويۇپتۇ. ئاغمىخان تۇيۇقسىز زۇۋانغا كىلىپ:

— ھەي ئادەمزات، نېمە تىلىكىڭ بار، ئېيت؟ ! — دەپ-تۇ. بالا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— ھېچقانداق تىلىكىم يوق، تېزرەك ئۆيۈڭگە بار، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن مېنىڭ تۈكۈمدىن بىرنەچچە تال ئې-لىۋال، ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا، كۆيدۈرسەڭ، ئەسقىتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئاغمىخان.

بالا ئاغمىخاننىڭ تۈكىدىن بىرنەچچە تال ئىلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ، يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، پاياد-سىز بىر جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ، كېتىۋاتسا، قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ ئېچىنىشلىق «چىر - چىر» قىلغان نالە - زارى ئاڭلىنىپتۇ. بالا ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارىسا، ئاسمان - پەلەك بىر توغراقنىڭ تۈۋىدە سۇمۇرغنىڭ بىر بالىسى تۈكى چىقمىغان قاناتلىرىنى سوزۇپ نالە قىلىۋاتقۇدەك، بىر تۈلكە ئۇنىڭغا تۇمشۇقىنى سوزۇۋاتقۇدەك. بالا بىر ۋارقىراپ تۈلكىنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ، ئاتتىن چۈشۈپ سۇمۇرغ بالىسىنى قولىغا ئىلىپ، ئۇنىڭ ئۇۋىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، ھېلىقى ئاسمان - پەلەك توغراقنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ،



مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇنى ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بالا ئەمدىلا توغراقتىن چۈشەي دېگەندە:

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ سۇمۇرغ بالىسى، — بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. توختاپ تۇر. ئاتا - ئانىمىز ھازىر كېلىدۇ. سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا بىر ياخشىلىق قىلايلى!

بالا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، ئالامەت يوغان بىر قۇش ئۇچۇپ كەپتۇ. سۇمۇرغ بالىسى دەرھال:

— ھەي يىگىت، دەرھال ئۇۋىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ، دەرەخكە چىڭ چاپلىشىۋال، — دەپتۇ.

بالا سۇمۇرغ بالىسىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ. قۇش توغراققا قونۇپتۇ. سۇمۇرغ بالىسى:

— ئانا، سەندىن بىرنەرسىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىنى تىلەيسەن؟ — دەپتۇ ئانا قۇش. سۇمۇرغ بالىسى ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ سۇمۇرغ خۇرسەن بولۇپ، — سەن بىزگە ئىنتايىن چوڭ ياخشىلىق قىپسەن، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ ئېتىقادىمىز. قېنى، ئېيت، نېمە تىلىكىڭ بار؟

بالا بۇ ئالامەت كۆركەم قۇشقا زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ تىلىكىم يوق، — دەپتۇ. سۇمۇرغ ھەيران

قېلىپ:

— ئۇنداقتا سەن مېنىڭ پېيىمدىن بىرنەچچە تال ئېلىۋال، ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالسا كۆيدۈرسەڭ، ئەسقېتىپ قالارمەن، — دەپتۇ.

بالا سۇمۇرغنىڭ پەيلىرىدىن ئېلىپ دەرەختىن چۈشمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا قۇش ئۇنىڭدىن:

— مۇشۇ مېڭىشىڭدا نەگە بارسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قۇش قەتئىي قىلىپ:

— كەينىڭگە يان. ئالدىڭدا پايانسىز قۇملۇق بار، ئۇ يەرگە ھەتتا ئۇچار قۇشلار كىرىپ قالسىمۇ كاۋاپ بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئەمما، بالا: «قېنى كۆرۈپ باقمايمەنمۇ؟» دەپتۇ – دە، سۇمۇرغ بىلەن خوشلىشىپ، دەرەختىن چۈشۈپ يولىنى داۋام قىپتۇ، بىرنەچچە كۈن مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بالا شەھەرگە كىرىشىگە، بىر توپ جاكارچىلار:

«ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس ! پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، شۇڭا پادىشاھىمىزنىڭ دەردى پەلەكتىن ئاشتى. كىمدەكىم ئول مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى يىلاننى چۈشۈرۈپ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ قالسا، پادىشاھ ھەزرەتلىرى، ئول كىشى ئايال بولسا، دۇنيادىن بىنەزەر قىلىدۇ، ئەر بولسا، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ» دەۋاتقۇدەك.

بالا جاكارچىلارغا ئەگىشىپ خېلى يۈرۈپتۇ ۋە شەھەر خەلقىدىن مەلىكىنىڭ ئەخلاق – دىيانەتتە، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوقلۇقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ نېمە بولاركىن، دەپ جاكارچىلارغا كۈن بويى ئەگىشىپ يۈرسىمۇ، ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقالماپتۇ. بالا مەلىكىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا، ھاياتىغا

قاتتىق ئېچىنىپتۇ، مەلىكىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قىلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىسىمۇ، بىر ئامال تاپالماپتۇ. بالا قايغۇرغان هالدا ئىتنى سوغارغىلى ئۆستەڭ بويىغا بارغاندا:

— هەي مېھرىبان يىگىت، — دەپتۇ ئات زۇۋانغا كىرىپ، — سەن ماڭا چەكسىز ياخشىلىق قىلدىڭ، مەن ئۈچۈن كۆپ رىيازەت چەكتىڭ. هەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىغا قەسەم ئىچىمەنكى، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا ئۆمۈر بويى قەرزدارمەن. هازىر مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ قىلىشقا ئامال تاپالماي قايغۇرۇۋاتىسەن. هەي يۇمشاق كۆڭۈل يىگىت، دەرهال يىلان مايىقىدىن بىرنى كۆيدۈرسەڭ، غەم - غۇسسىلىرىڭ شادلىققا ئايلانغۇسى.

يىگىت هەم هەيران بولۇپ، هەم خۇشال بولۇپ، دەرهال يىلان مايىقىدىن بىرنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇئان ئىككى چوڭ يىلان ۋە بىر كىچىك يىلان بالىنىڭ ئالدىدا هازىر بوپتۇ.

— هەي مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل يىگىت، — دەپتۇ چوڭ يىلانلار، — سەن بىزنىڭ كۆز نۇرىمىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپسەن. قېنى ئېيت، بىزگە نېمە هاجىتىڭ چۈشتى؟ بىز قولىمىزدىن كېلىدىغىنىنى قىلىپ، ياخشىلىقىڭغا جاۋاب قايتۇرايلى.

بالا ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

— مەلىكە كىچىك چېغىدا، ئوردىنىڭ هەرەم بېغىدىكى ئېرىقتىن سۇ ئىچكەندە يىلان بالىسىنى بىللە يۇتۇۋەتكەن. هازىر شۇ يىلان مەلىكىنىڭ هاياتىغا قەست قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا، — دەپتۇ يىلان بىر يۇمىلاپلا تېرىسىنى تاشلاپ، — سەن قىرىق يىللىق ئۆرۈك ئوتۇنى تېپىپ گۈلخان سال، ئاندىن بۇ تېرەمنى قىرىق يىللىق سىركىگە چىلاپ ئال - دە، يېنىۋاتقان گۈلخانغا تاشلا، ئىسىدىن چىقمىسۇنكى، بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ

مەلىكىسى گۈلخانىنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇلغان بولسۇن. شۇنداق قىلساڭ، كۆيدۈرۈلگەن تېرەمنىڭ دۈتى مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى يىلانغا تەسىر قىلىدۇ، شۇ هامان يىلان سىرتقا چىقىپ، مەلىكە شىپا تاپىدۇ.

بالا يىلانغا رەهمەت ئېيتىپ، ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەلىكىنى داۋالايدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بوپتۇ. يىگىت مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىگە هاڭ ـ تاڭ بوپتۇ ۋە دەرهال ئىشىغا كىرىشىپ، يىلاننىڭ ئېيتقىنى بويىچە مەلىكىنى داۋالاپتۇ. يىلان چۈشۈپتۇ، مەلىكە بولسا قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ. بۇنىڭغا يىگىت ھەم پادىشاھ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بوپتۇ. پادىشاھ يىگىتتىن:

— ھەي بەختلىك يىگىت، سېنى بۇ ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان ئاتاڭ كىم؟ ئاناڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت ئەدەپ بىلەن:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن بۇ ئوردا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى قەبىلىدىن. ئانام يوق، ئاتام بولسا سەپەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ۋەدەمدە تۇرىمەن، — دەپتۇ شاھ ئوردا ئەھلىگە قاراپ. شۇ چاغدا ئوڭ قول ۋەزىر:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلىش شاھلارنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، لېكىن مېنىڭچە، مەلىكىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن توينى ئۆتكۈزسەك، — دەپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئايرىم جايدا ۋەزىردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىنچىكىلەپ سورىماي تۇرالماپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— پېقىرنىڭ نەزەردە تۇتقىنى ھەرگىزمۇ ۋەدىگە كېيىنچە ۋاپاسىزلىق قىلىش ئەمەس. مەلىكەمنىڭ سالامەتلىكىنى ئەس-

لىگە كەلتۈرۈشمۇ ئەلۋەتتە بىر سەۋەب، لېكىن پېقىرنىڭ بۇ يەردە يەنە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى — ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى يوق، ياشلىرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بۇ يىگىت ياخشى كۆڭۈلنىڭ يامىنى كېلىپ قالسا، يۇرتقا باش بولالامدۇ، يوق، بۇ تەرەپنىمۇ ئويلاپ ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ.

— ئەگەر يىگىت كۆڭلىمىزدىكىدەك چىقماي قالسا، ۋەدىمىزنى بۇزامدۇق؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ياق، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئۇ ھالدا، بىز ئۇنى رازى قىلساقلا بولدى. بىز مۇنداق جىددىي ئىشتا يۇرتنى ئويلىشىمىز كېرەك! قەدىمكىلەر: «بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق» دەيدۇ. ئەگەر يۇرت كۆڭلەرنىڭ بىردە نائىنساپ ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئەل يەيدىغان نېنىنى تاپالماي قالىدۇ، بىزنىڭ مۇبارەك يۇرتىمىزنىڭ نامى ئالەمدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ.

پادىشاھ دانىشمەن ۋەزىرنىڭ سۆزىگە قايىل بوپتۇ. پادىشاھ يىگىتكە ئوردا شەھىرىدىن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ھەشەمەتلىك بىر قورۇنى باغلىرى، خىزمەتكارلىرى بىلەن سوۋغات قىپتۇ ھەمدە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشمۇ ئىنئام قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىگىت مەلىكىنى كېچە - كۈندۈز ئويلاپتۇ، باغرى كاۋاپ بوپتۇ، ئاغزىدىن چىققىنى نەپەس ئەمەس، بەلكى كۆيۈۋاتقان يۈرىكىدىن چىققان ئىس بوپتۇ. مەلىكىمۇ يىگىتنى بىر كۆرۈپ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقتىن، كۈن - تۈن يىگىتنى ئويلايدىكەن، كۈندۈزى كۈنگە قاراپ ئويلايدىكەن، كېچىلىرى ئايغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئويلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، مەلىكىنىڭ سالامەتلىكىمۇ بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق، بويلىرى ئەۋرىشىم، مېڭىشلىرى خىيالچان بوپتۇ...

كۈنلەرنىڭ بىردە پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ شىكار-

غا ئاتلىنىپتۇ، يىگىتنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە چەت بىر كىچىك قورغان شەھىرىدە ئارام ئاپتۇ، شۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ، كېچىسى پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە قاپقارا بىرنەرسە «گۈپ» قىلىپ پادىشاھنى بېسىۋاپتۇ، ئارقىدىن يەر يېرىلىپتۇ. ھېلىقى قارا نەرسە ئۇنى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر يار ئىچىگە ئىتتىرىۋاتقۇدەك. پادىشاھ قاتتىق قورقۇپ، ۋارقىراپ ئويغىنىپتۇ. پادىشاھ تاڭ سەھەردە ئوردا ئەھلىنى چاقىرىپ، ھېلىقى چۈشىگە تەبىر سوراپتۇ. ھېچكىم زۇۋان سۈرەلمەپتۇ.

— ئى نائىنساپ نان قېپىلار! — دەپتۇ پادىشاھ، — سىلەر بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرەلمىدىڭلار، ئەتىدىن باشلاپ ھەممىڭلارنى ساپانغا قاتقۇزۇپ يەر ئاغدۇرغۇزىمەن!

شاھنىڭ غەزىپىدىن ھەممىنى سۈر بېسىپتۇ، ھېچكىمنىڭ گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئىتنى يوقلىغىلى چىقسا، ئىتى ئوقۇردىكى بوغۇزنىمۇ يېمەي تۇرغۇدەك. يىگىت ئىتنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپتۇ.

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ ئىت يەنە زۇۋانغا كىرىپ، — پادىشاھنىڭ چۈشىگە بېرىلىدىغان تەبىرنى ھېلىقى ئاغمىخاندىن سورا، دانىشمەنلەرنى قۇتقۇزۇۋال.

يىگىت تۈكنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاغمىخان شۇ زامات پەيدا بوپتۇ.

— ھەي مېھرىبان يىگىت! ئىيت، ماڭا قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغمىخان. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاغمىخان:

— ھەي يىگىت، پادىشاھنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، ھېلىقى قاپقارا نەرسە بۇ كېچە ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلۈپ

باقمىغان دەھشەتلىك قارا بوراننىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارى-تىدۇر. يەرنىڭ يېرىلىشى بولسا، ئەگەر ھازىرنىڭ ئۆزىدە شە-ھەردە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر دەرھال بۇ يەردىن كەتمىسە، قوم ئاستىدا قالىدۇ، دېگەننىڭ ئالامىتىدۇر، — دەپتۇ.

يىگىت ئاغمىخانغا رەھمەت ئېيتىپ، پادىشاھ ھوزۇرىغا كىرىپ چۈشگە تەبىر بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال قوبۇل قىپتۇ. پادىشاھ يىگىت بەرگەن تەبىر-لەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قاپتۇ، لېكىن شۇنداق-تىمۇ پۈتۈن شەھەردىكى كىشىلەرگە دەرھال كۆچۈشكە پەرمان بېرىپتۇ. راست دېگەندەك، كېچە قاتتىق، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك بوران چىقىپتۇ. ئەتىسى بوران پەسەيگەندە، ئەۋەت-كەن ئادەملەر، شەھەرنىڭ ئورنىدا ئىنتايىن زور، ئاسمان - پەلەك قوم دۆۋىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى، ئەتراپىدا نە دەرەخ، نە ئۆستەڭ، نە ئۆيدىن قىلچە ئەسەر قالمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كەپتۇ.

پادىشاھ چەكسىز ھەيران قېلىپ ھەم خۇشال بولۇپ، دەرھال ئوردا ئەھلىنى چاقىرتىپتۇ، يىگىتنىڭ دانىشمەنلىكى-نى ماختاپتۇ، ئۆز قولى بىلەن ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن ھە-شەمەتلىك تون يېپىپتۇ ھەمدە ئۇن مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ. ئوردا ئەھلىمۇ يىگىتكە چىن يۈرىكىدىن ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مەلىكە يىگىتكە بىر ئالتۇن كەمەر سوۋغات قىلىپ ئەۋەتىپ-تۇ. يىگىتنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ يۇرتنىڭ بېشىغا يەنە بىر پالاكەت چۈشۈپتۇ: ئوردا شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆ-تىدىغان دەريانىڭ سۈيى تۇيۇقسىز تارتىلىپ كېتىپتۇ، دالا ئوت - چۆپسىز، دەرەخلەر يوپۇرماقسىز، قۇشلار دانسىز، كىشىلەر نانسىز قېلىشقا باشلاپتۇ، قىلمىغان ئامال قالماپتۇ،



لېكىن دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىق تۈگىمەپتۇ. پادىشاھ توپ ـ توپ يىگىتلەرنى دەريانىڭ بېشىغا ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قايتماپتۇ. قۇرغاقچىلىق ئەل ـ يۇرتنىڭ يىلـ كىنى قۇرۇتۇشقا باشلاپتۇ. يىگىت بىر كۈنى يۇرت قايغۇسىدا خىيال سۈرۈپ ئېتىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئات:

— بىز دەريا بېشىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، — دەپتۇ.

يىگىت شاھتىن ئىجازەت سوراپ، ئېتىنى مىنىپ دەريا بويلاپ مېڭىپتۇ. دەريانىڭ بېشىغا يېقىنلاشقانسېرى جاپا ـ مۇشەققەتمۇ شۇنچە كۆپ بوپتۇ. يىگىت بېرىپ قارىسا، سۇ يولىنى يوغان بىر ئەجدىھا توسۇپ يېتىپتۇ. يىگىت ئېتىنى قويۇپ بېرىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىر نەرە تارتقانىكەن، ئەجدىھا ئويغىنىپ:

— ھەي ئادەمىزات! ماڭا ئەلچى بولۇپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— مەن سەن ئۈچۈن نېمىگە ئەلچى بولىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن، — دەپتۇ ئەجدىھا، — پادىشاھىڭغا بېرىپ

ئېيت، ھەر يىلى دەل مۇشۇ چاغدا ماڭا ئوتتۇز تۆگە، ئوتتۇز قوتاز، ئوتتۇز ئات، ئوتتۇز كالا، ئوتتۇز قوي، ئوتتۇز ئۆچكە، ئوتتۇز قىز ئەكېلىپ بەرسۇن. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسە، گۇ-زەل يۇرتۇڭنى چۆل - جەزىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن!

يىگىت قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ.

— ھەي ئەجدىھا! مۇبادا مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى توغرا تېپىپ پادىشاھقا يەتكۈزسەم، يۇرتۇمنىڭ دەريالىرى ماڭا سۇيىنى ئىچكۈزمەيدۇ، مېۋىلىرى ئۆزىنى يېگۈزمەيدۇ، قۇشلى-رى ماڭا سايراپ بەرمەيدۇ، تۇپراقلىرى ئۆلگىنىمدە ماڭا قوي-نىنى ئاچمايدۇ، ئەۋلادلىرىم تاكى زامان ئاخىر بولغۇچە ماڭا لەنەت ئوقۇيدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— مانا ئەمىسە، كۆر! — دەپتۇ ئەجدىھا قاتتىق غەزەپ-كە كېلىپ ۋە يىگىتنى دەم تارتىپتۇ. يىگىت ئۆتكۈر ئىككى شەمشەرنى توغرا تۇتقان پېتىچە ئەجدىھانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن يىگىت ئەجدىھانىڭ قۇيرۇق تە-رىپىدىن چىقىپتۇ، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت ئەجدىھانىڭ بېشىنى كېسىپ، ئېتىغا مىنىپ سۇ بىلەن تەڭ ئوردا شەھىرىگە كىرىپ كەپتۇ ... ئەجدىھانىڭ بېشىنى ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان شاھنىڭ ئاياغ تەرىپى-گە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قويۇپتۇ. شاھ تەسىرلىنىپ كۆ-زىگە ياش ئاپتۇ، يىگىتنىڭ پېشانىسىگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويۇپتۇ ھەمدە يىگىتنى ئۆزىگە سول قول ۋەزىر قىلى-غانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئوردا ئەھلىدىن تاكى ئاددىي پۇقراغىچە يىگىتنى قىزغىن تەبرىكلەپتۇ. پادىشاھ داغدۇغىلىق زىياپەتتىن كېيىن، ئوڭ قول ۋەزىرىگە:

— ئەمدى تويىنى قىلىۋەتسەك، قانداق؟ — دەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئى پادىشاھىم، ئالدى بىلەن يىگىتنى چاقىرساق، سورايدىغان بىر گېپىم چىقىپ قالدى، شۇنى سوربۇېلىپ، ئاندىن گېپىڭىزگە جاۋاب قىلسام، — دەپتۇ. شاھ يىگىتنى چاقىرىپتۇ. يىگىت ئىززەت - ئىكرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر:

— ھەي يىگىت، سەن ئەجدىھانىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قېلىشتىن قورقمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن كىچىك چېغىمدا: «يۇرت قوغدىمىغان ئۆلەر» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم، ئۆتكەندە ئۆزلىرىنىڭ: «يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا، ئەل - يۇرتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يولىدا ئۆلۈمدىن قورقۇش كەمىنىلىرىگە يات! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— يارايسەن، ئوغلۇم! — دەپتۇ ۋەزىر يىگىتنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ. يىگىتكە ئەجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ قول ۋەزىر:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، بىزنىڭ مۇبارەك يۇرتىمىز يەنە بىر ئۆچمەس چىراغقا ئىگە بولدى. توينى ئەمدى قىلايلى، — دەپتۇ.

توينىڭ تەييارلىقى جىددىي باشلىنىپ كېتىپتۇ. يىگىتكە يېپيېڭى، ھەيۋەتلىك ساراي سېلىنىشقا باشلاپتۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە شەھەرگە يېغىلىق كەپتۇ، ئوردىدا غۇلغۇلا پەيدا بوپتۇ. مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان سابىق سول قول ۋەزىر تەرەپتىكىلەر سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئۇلۇغ قول ۋەزىر تەرەپتىكىلەر دۈشمەنگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەپتۇ. پادىشاھنىڭ بولسا، بېشى قېتىپتۇ.

يىگىت يوشۇرۇنچە شەھەر سىرتىغا چىقىپ سۇمۇرغنىڭ پەيلىرىنى كۆيدۈرگەنىكەن، قۇش دەرھال يېتىپ كېلىپ:

— ھەي مېھرىبان يىگىت! قېنى ئېيت، بېشىڭغا قانداق

كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ۋە
دۈشمەننىڭ لەشكىرىي كۈچىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتى بارلى-
قىنى ئېيتىپتۇ. سۇمۇرغ:

— قېنى، ئۇستۇمگە مىن، — دەپتۇ. يىگىت سۇمۇرغنىڭ
ئۈستىگە مىنىپ غەرب تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. كەنتلەردىن، دەريا-
ئېقىنلاردىن، شەھەرلەردىن ئۆتۈپ پايانسىز چۆلگە چىقىپتۇ.
سۇمۇرغ:

— ھەي يىگىت، دۈشمەنلەر مۇشۇ چۆلنىڭ ئىچىدە. ئەم-
دى پەسرەك ئۇچىمەن، سەگەك بول ! — دەپتۇ. يىگىت قارى-
سا، دۈشمەن لەشكەرلىرى پۈتۈن چۆلنى چۈمۈلىدەك قاپلىغا-
نىكەن، بارگاھلار سانجاق - سانجاق تۇرغۇدەك. يىگىت دۈش-
مەن لەشكەرلىرىنىڭ، بىرىنچىدىن، سانى كۆپلۈكىنى، ئىك-
كىنچىدىن، ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ خىللىقىنى، ئۈچىنچىدىن،
ئوقيالىرىنىڭ ئالامەت يوغان، ئوقلىرىنىڭ ئۇزۇنغا بارىدىغان
ئوقلار ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. يىگىت قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى، دۈشمەن ئەھۋالىنى پادىشاھقا
ۋە ئوردا ئەھلىگە بايان قىپتۇ. تالاش - تارتىشلار بوپتۇ.
سۇلھى تەرەپدارلىرى:

— بۇنداق دۈشمەننى قىلىچ بىلەن ئەمەس، بەلكى سوۋغات
ھەم ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بېشىمىزنى تۆۋەن
سالغىنىمىز تۈزۈك، — دېيىشىپتۇ.

— بولمايدۇ ! — دەپتۇ يىگىت قەتئىي قىلىپ، — بۇ
دۈشمەنلەر بىزنىڭ سوۋغات، ئىززەت - ئىكراملىرىمىزغا قا-
نائەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلار يۇرتىمىزنى تارتىۋېلىپ، بىزنى
قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلغان، شۇڭا دۈشمەن ئۈستىگە
ئاتلانماق كېرەك.

پادىشاھ يىگىتكە لەشكەر تارتىشقا پەرمان بېرىپتۇ. يىگىت

ئاتلىنىپتۇ ۋە دۈشمەن بارگاھىنىڭ ئۇدۇلىغا بارگاھ تىكىپتۇ. ئەل ئايىغى بېسىققاندا يىگىت ئاغمىخاننىڭ تۇكلىرىنى كۆيە-دۈرگەنىكەن، ئاغمىخان دەرھال پەيدا بوپتۇ.

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ ئاغمىخان، — بىزگە يەنە قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟

يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاغمىخان:

— بىز ھازىردىن باشلاپ دۈشمەنلەرنىڭ چىشلەپ، غاجاپ ئۆزۈۋەتكىلى بولىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كاردىن چىقىرىمىز. بىزمۇ سېنىڭ يۇرتۇڭدىكى ئاغمىخانلارمىز، سې-نىڭ دۈشمىنىڭ بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز، سېنىڭ قايغۇڭ بىز-نىڭمۇ قايغۇمىز. مەن سېنىڭ ئىشىڭغا ئاز بولسىمۇ، ياردەم بېرىمەن. سەن ئەتە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا غالىبىيەت بايرى-قىڭنى كۆتۈر، — دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يىگىت لەشكەرلىرىنى پۇختىلىق بىلەن جەڭگە تەييارلاپ-تۇ. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يىگىت لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئاتلىنىپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرى ئاتلىرىنىڭ تاسما بەلۋاغلىرى، ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرى تامام غاجىلىنىپ ئۈ-



زۇلۇپ تۇگىشىپ كەتكەنلىكىدىن جەڭگە دەرھال تەييارلىنال-
ماي، پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت لەشكەرلىرى بىلەن
دۈشمەن ئۈستىگە بوراندەك يېتىپ بېرىپ، دۈشمەنلەرنى تى-
رىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. پۈتۈن چۆل دۈشمەن ئۆلۈكلىرى بىلەن
توشۇپ كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا، يىگىت ئۇرۇش
مەيدانىنى يىغىشتۇرۇشقا پەرمان بېرىپتۇ. ھەددى - ھېساب-
سىز مال - دۇنيا، قورال - ياراغ، ئېسىل ئاتلارنى غەنىيمەت
ئالغاندىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەرنىمۇ قولغا چۈ-
شۈرۈپتۇ. ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كەلگەن ئەزىمەتلەردىن بىرى
ئەسىرلەرنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ:
— ئەي باسقۇنچىلار ! غالىب قوشۇنىمىزنىڭ سەركەردى-
سىگە باش ئېگىش ! — دەپتۇ. يىگىت قارىغۇدەك بولسا، بۇ
ئەزىمەت دەل يىگىتنىڭ بولغۇسى خوتۇنى — شاھنىڭ ئارزۇ-
لۇق مەلىكىسى ئىكەن.
— سىز قاچاندىن تارتىپ بىز بىلەن بىللە؟ — دەپ
سوراپتۇ يىگىت.
— تۈنۈگۈن كەچتىن تارتىپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
مەلىكە.
— ئاتىڭىز رۇخسەت قىلدىمۇ؟ — دەپتۇ يىگىت.
— يۇرت قوغداشقا رۇخسەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، —
دەپتۇ مەلىكە. يىگىت مەلىكىنىڭ جاۋابىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ
ھەمدە لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئوردا شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.
پادىشاھ ۋە ئوردا شەھىرىدىكى كىشىلەر يىگىتنى مىسلى
كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بىلەن قارشى ئاپتۇ، راۋاق ئالدىغا بار-
غاندا پادىشاھ ئىشارەت قىپتۇ، پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەم كىشىلەر
يىگىتنىڭ ئالدىدا يۇرتنىڭ مۇبارەك تۇپرىقىنى سۆيۈپتۇ.
يىگىت دۈشمەننىڭ بايراقلىرىنى راۋاق تېگىگە تاشلاپتۇ.

شاھ دۈشمەننىڭ بايراقلىرىنى دەسسەپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، يىگىتنى قىزى بىلەن بىرلىكتە راۋاق ئۈستىگە ئاچى-قىپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى يىگىتكە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، شۇ مەيداندىلا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.

يىگىت پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بىر سودىگەر كىرىپ:

— داد، ئەي شەۋكەتلىك شاھ ! — دەپ تىز پۈكۈپتۇ. يىگىت قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئەزىز دادىسى ئىكەن، ئەم-ما يىگىت تونۇشلۇق بەرمەي تۇرۇپ:

— قېنى، سودىگەر، دەردىڭىزنى بايان قىلىڭ ! — دەپتۇ.

— مەن سادىق پۇقرالىرى بولىمەن. مەن باشقا ئەللەرگە مال ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدىم، — دەپتۇ سودىگەر، — بىر تەرەپتىن سودا - سېتىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوغلۇمنى ئىزدىدىم. بۇ جەرياندا بىرقانچە يىل يۇرتقا قايتالمىدىم. ئايا-لىم بىر يىل بۇرۇن مېنى ئۆلدىگە چىقىرىپ، ماتەم تۇتۇپ، باشقا ئەرگە تېگىۋاپتۇ. مېنىڭ سارايلىرىم، ئۆمۈر بويى يىغقان مال - دۇنيالىرىمغا بىر نائىنساپ ئىگە بولۇۋاپتۇ.

— تەلىپىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت دادىسىنىڭ غەزەپتىن گەپ قىلالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— ئاجىز قۇللىرىنىڭ تەلىپى، — دەپتۇ سودىگەر، — مېنىڭ بىردىنبىر كۆز نۇرۇم ئوغلۇم شۇ جادۇگەر خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى، مەن ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. شۇ ئوغلۇمنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىر ئۇقۇش مۇمكىن بولسا ھەممە مال - مۈلۈكلىرىم قولۇم-غا ئېلىپ بېرىلسىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا ! — دەپتۇ يىگىت تەختتىن چۈشۈپ، — مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىزمەن !

سودىگەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. يىگىت دادىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، شاھانە تەخت ئۈستىگە ئاچىقىپتۇ. سودىگەر بولسا، شادلىق ياشلىرى بىلەن ساقاللىرىنى يۇيۇپتۇ. يىگىت ئۆگەي ئانىسىنى ۋە ئۇنىڭ تېگىۋالغان ئېرىنىمۇ قوشۇپ ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپتۇ ۋە دادىسىغا:

— قېنى، دادا، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ! — دەپتۇ. دادىسى:

— ئى ئوغلۇم، مەن گەرچە داداڭ بولساممۇ، سەن بىر شاھسەن، يۇرتنىڭ ئاتىسىسەن. مېنى بۇنچىلىك ئىززەت قىلغىنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن! بۇلارغا يۇرت قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلغايسەن! — دەپتۇ. يىگىت:

— بۇ ئىككىسى سارايلارنى، ئالتۇنلارنى، رەھمەتلىك ئانام ۋە بوۋامنىڭ خاتىرە بۇيۇم - يادىكارلىقلىرىنى قايتۇرسۇن، قالغانلىرى ئۆزىدە قالسۇن. ئۇلارغا ھېچكىم دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمىسۇن! — دەپ ئەمر قىپتۇ. يىگىتنىڭ بۇ ئادىل ھۆكمىگە ھەممە قايىل بوپتۇ. ئارقىدىنلا مەلىكە بىلەن يىگىتنىڭ تويى باشلىنىپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە شۇنداق توي بوپتۇكى، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۇنداق توي بولۇپ باقمىغانىكەن. يىگىت يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ، خەلق مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.



# چوكان

بۇرۇن بىر كەمبەغەلنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇ بىر باينىڭ قويلىرىنى بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بالا قوي ھەيدەپ كېلىۋاتسا، قاش - كۆزى جايىدا بىر چوكان بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ كېلىۋاتقۇدەك. بالا چوكاندىن:

— سىلى كىم بولىلا ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— ئاتا - ئانام يوق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ يوق. بالىسى يوققا بالا، خوتۇنى يوققا خوتۇن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بالا چوكاننى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. بۇ تەكلىپ چوكانغىمۇ خۇشيېقىپتۇ. ئوغلىنىڭ ئۆيگە چوكان باشلاپ كەلگەنلىكىگە ئاتا - ئانىسى ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ، چوكاننى كېلىنىمىز دەپ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بالا چوكاننى رەسىم - يوسۇنلار بىلەن ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىرقانچە كۈن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولسىمۇ، كېيىن بالىنىڭ چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ. بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئاتا - ئانا ھەيران بوپتۇ، نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىپتۇ، لېكىن ھېچقانداق شىپا تاپماپتۇ. بالا بارا - بارا ئۇساللىشىپ، ئۇلار

ھالغا كەپتۇ. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئوغلىمىز ياش ئۆلۈپ
كېتىدىغان بولدى، ئەسلىدە ساپساق ئىدى، خوتۇن ئالغاندىن
كېيىن مۇشۇ ئەھۋالغا قالدى، خوتۇندا بىر گەپ بار ئوخشاي-
دۇ، دەپ بالىنىڭ ئۆيىنىڭ روجىكىدىن ماراپتۇ. قارىسا، بالا
بىھوش ياتقان، چوكان بالىنىڭ تاپىنىنى بىگىز بىلەن تېشىپ
قېنىنى شوراۋاتقانىكەن. شۇ سەۋەبتىن بالا ئۆلەر ھالغا كەل-
گەنىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا چوكاننى يوقى-
تىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بۇلار بىر كۈنى بامەسلىھەت، نان
يېقىش باھانىسى بىلەن تونۇرنى قىزىتىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى
چوكانغا: «ئەمدى تونۇر قىزىدى، سىز تۇز چېچىڭ، مەن زو-
ۋۇلا قىلاي» دەپتۇ. چوكان «ماقۇل» دەپ، يوغان تونۇرغا ئې-
ڭىشىپ تۇز چېچىشقا باشلاپتۇ. ئاتا ـ ئانا ۋاقىتنى غەنىيمەت
بىلىپ چوكاننى تونۇرغا ئىتتىرىپ، ئاغزىنى قاپقاق بىلەن
يېپىۋاپتۇ. كەچقۇرۇن تونۇرنى ئېچىپ قارىسا، كۈل ئورنىدا
چېلەكتەك ئالتۇن تۇرغۇدەك. بۇ ئاشۇ چوكاننىڭ كىشىلەرنىڭ
قېنىنى شوراپ يۈرۈپ يىغقان ئالتۇنى ئىكەن. چوكان شۇ
ئالتۇننىڭ تەسىرىدىن كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللەشكەنىكەن.



# ھاياتلىق سۈيى

بۇرۇن بۇرۇنكەن، توخۇ تۇرنىكەن، پاقا چۆلدە، توشقان كۆلدە ئىكەن. چاشقان نەرە تارتىپ يولۋاسنى قوغلايدىكەن، مۈشۈك پادىشاھ يۇرت سورايدىكەن. ئاشۇ زامانلاردا بىزگە يىراقمۇ، يېقىنمۇ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان جايدا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بېلى يادەك ئېگىلىپ، چېچى ئۈچتەك ئاقارغان، يېشى توقساندىن ئاشقان بىر جۈپ ئەمگەكچان بوۋاي ـ موماي ياشىغانىكەن. بوۋاينىڭ ئىسمى مۆمىن، مومايىنىڭ ئىسمى مەلىكە ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىراق، بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابىدا پەقەت بىرلا ئېشىكى بار ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ ئېشىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇلار قانائەتچان بولغاچقا، كۈنلىرىنىڭ خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ، نالە ـ زار قىلىشمايدىكەن، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ھايات چىرىغىنى ياندۇرغۇدەك بىرەر بالىسىنىڭ بولمىغانلىقىدىن، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كېلىپ قالسا، قانداق قىلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرىدىكەن.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئادىتى بويىچە تاغقا ئوتۇنغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئېشەك ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق چاغلىرىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ، ئېشەكنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ

بېرىپتۇ. ئىشەك كۆپ ماڭدىمۇ، ئاز ماڭدىمۇ، بىر چاغدا
توختاپ قاپتۇ. مۆمىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا،
قېلىن بىر چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ قالغانىكەن. ئۇ تۆت
ئەتراپىغا قاراپ ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمەي تېنى شۈركۈنۈپ
كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە چاتقاللىق ئىچىدىن تېز چىقىپ
كېتىش ئۈچۈن ئالمان ـ تالمان بىر كۆتۈرۈم ئوتۇننى ئې-
شەككە ئارتىپ، ماڭىدىغان تەرەپنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇيۇق-
سىز گۈركىرەپ چاتقاللىق ئىچىدىن دەھشەتلىك بوران كۆتۈ-
رۈلۈپتۇ، قارا تۇمان مۆمىنگە كۆز ئاچقۇزماپتۇ. ئۇ خىيال-
دىن، كۆرىدىغان كۈنۈم شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، مېنى بۇگۈن
بۇ يەرگە ئەجىلىم سۆرەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى ئۆت-
كۈزۈپ تۇرۇشىغا، پۇتىنىڭ ئاستىدىن بىرنەرسىنىڭ ئېچى-
نىشلىق نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي چۆچۈپ قا-
رىسا، بىر يىلان نالە قىلغىنىچە توقاچتەك يۆگىلىپ بوۋايغا
تەلمۈرۈپ ياتقۇدەك. مۆمىن بۇنىڭ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى
بىلىپ ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە، چاتقاللىق ئىچىدىن بىر
ئەجدىھا شالىنى چاچراتقىنىچە چىقىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كې-
لىۋاتقۇدەك. مۆمىن قورقۇپ كېتىپ، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان
پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ: «قورققان ئالدىدا مۇشت كۆتۈرەر»
دېگەندەك، ئەجدىھانىڭ كاللىسىغا بىر پالتا چاپقانىكەن، ئەج-
دىھانىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقى-
لىپ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. شۇ زامات يىلان چىرايلىق، كې-
لىشكەن، قامەتلىك قىزان يىگىتكە ئايلىنىپ، مۆمىنگە ئېگى-
لىپ سالام بېرىپ:

— رەھمەت، بوۋا، سىلى بولمىغان بولسىلا، مەن ئۆلۈپ
كەتكەن بولاتتىم، سىلىگە مىڭ قېتىم رەھمەت ئېيتساممۇ،
ئازلىق قىلىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن ئۆزىنىڭ ساق قالغانلىقى-

دىن خۇش بولۇپ:

— ماڭا ھېچقانداق رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق، — دەپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا:

— مەن پەرىزاتلار پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىدىم. بۇ ئەجدىھا بولسا، بىر قارا چىشى دىۋە، ماڭا ئاشىق ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن قۇتۇلۇپ قالدىم. بۇ ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. سىلىگە نېمە كېرەك؟ نېمىنى خالىسىلا، شۇنى ھازىر ئالدىلىرىغا تەييار قىلىمەن، — دەپتۇ. مۆمىن:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. مۇشۇ كۇنلەردە ئوتتۇن توشۇپ، ئوتۇن سېتىش تولىمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، ياشلىقىمنى تولىمۇ سېغىنىپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ. يىگىت مۆمىننىڭ قايتا ياشىرىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلىپ:

— بوۋا، مەن سىلىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزەي، قوللىرىنى ماڭا بېرىپ كۆزلىرىنى يۇمسىلا، — دەپتۇ. مۆمىن قولىنى سۇنۇپ كۆزىنى يۇمۇپتۇ، شۇ زامات ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق پەرۋاز قىپتۇكى، ئىللىق شامال مۆمىننى ئىنتايىن راھەتلەندۈرۈپتۇ. شۇ ئۇچقانچە خېلى ئۇچۇپتۇ. بىر چاغدا يىگىت: «كۆزلىرىنى ئاچسىلا» دەپتۇ. بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاجايىپ گۈزەل بىر جايغا كېلىپ قالغانىكەن. بۇ جاينىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ مۆمىن كىچىك بالىلاردەك سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆرگەن مەنزىرىنى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەشكە كىشىنىڭ قۇربى يەتمەيدىكەن. يىگىت ئۇنى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەر ئارىسىدىن ئايلاندۇرۇپ، زىلال سۇلۇق، مەرمەر كۆزلۈك بىر بۇلاق بويىغا

باشلاپ كېلىپ:

— بوۋا، بۇ ھاياتلىق سۇيى، سۇدىن ئۈچ ئوچۇم ئىچسەلە ياشلىقلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن سۇدىن ئۈچ ئوچۇم ئىچىپ ياشلىقىنى ئەسلىگە كەلتۇرگەندە، يىگىت ئۇنىڭغا بىر قاپاقنى بېرىپ:

— بوۋا، بۇ ھايات سۇيىدىن بىر قاپاق ئەكەتسىلە، ھەرقانداق كېسەل بۇ سۇنى ئىچسە، شىپا تاپىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن قاپاققا سۇنى قاچىلاپ بولۇشىغا، يىگىت:

— كۆزلىرىنى يۇمسىلا، — دەپتۇ، مۆمىن كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە ھېلىقى يىگىتنىڭ: «كۆزلىرىنى ئېچىپ ئالدىلىرىغا ماڭسىلا» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى يەردە كۆرۈپ، ئالدىغا قاراپ يول ئاپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە بىر ھەپتە يۈرۈپ بىر يايلاققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كېتىۋاتسا، بىر تاشنىڭ كەينىدىن بىرنەرسىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بېرىپ قارىسا، تاشنىڭ كەينىدە بىر كېيىك قاپقانغا چۈشۈپ قېلىپ، نالە قىلىپ ياتقۇدەك. مۆمىن كېيىكنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپتۇ. كېيىكمۇ مۆمىننى كۆرۈپ تېپىچەكلەپ بېقىپ، كۆزدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغىنىچە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ يېتىپتۇ. مۆمىن كېيىكنىڭ پۇتىنى قاپقاندىن چىقىرىپ قويغان بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرالماي، يىقىلىپ كېتىپتۇ. يەنە ئورندىن تۇرۇشقا تىركىشىپ باقسىمۇ، ئۈزۈلۈپ كەتكەن پۇتى بىلەن يەر دەسسىيەلمەي يەنە يىقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا مۆمىننىڭ يادىغا يىگىتنىڭ ئېيتقان سۆزى كېلىپ، قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، كېيىكنىڭ ئاغزىغا سۇنى تېمىتىپتۇ. كېيىك ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتكەن پۇتى

سەللىمازا ساقلا-
يىپ، سىلكىنىپ
ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئىككى قەدەم مېڭىپ
كەينىگە قايتىپ
كېلىپ:



— ئەي رە-
ھىمدىل ئادەم، سەن
مېنى ئۆلۈمدىن قۇ-
تۇلدۇرۇپ قويدۇڭ،
بۇنىڭ ئۈچۈن سەن
مەندىن نېمە تىلەي-
سەن؟ — دەپتۇ.
مۆمىن كېيىكنىڭ
بېشىنى سىلاپ تۇ-
رۇپ:

— مەن سەندىن ھېچ نەرسە سورىمايمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەن بۇ تۇكۇمنى ئېلىۋالغىن، ماڭا ھاجىتىڭ چۈشكەندە كۆيدۈرسەڭ، ئالدىڭدا تەييار بولىمەن، — دەپ كەڭرى يايلاق قوينىدا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

مۆمىن يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بىر ھەپتە يۇرگەندىن كېيىن، بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ، خۇدايا شۈكۈر، ئەمدى ئادەم بار يەرگە يەتكەن ئوخشايمەن دەپ، خۇشال بولۇپ شەھەرگە كىرىپتۇ. كوچىدىكى ھەممىلا ئادەم ماتەم تونلىرىنى كىيىپ قارىلىق تۇتقان بولۇپ، بىرمۇ خۇشال ئادەم كۆرۈنمىگۇدەك. ئۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەكچى

بولۇپ، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەتمىش ياشلاردىكى بىر بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك ئاتا، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە غەمكىن؟ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ماتەم تونى كىيىۋاپتۇ، ئۇلار كىمگە قارىلىق تۇتۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بوۋاي مۆمىنگە قاراپ:

— ئوغلۇم، سۆزۈڭدىن قارىغاندا بۇ شەھەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. شەھىرىمىزنىڭ مەلىكىسى سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ خەلققە بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. يۇقرالار، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق قانداق قىلارمىز، دەپ، غەمگە چۆكۈپ ماتەم تونىنى كىيىشتۇق، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. مۆمىن يەنە:

— مەلىكىگە نېمە شىپا بولىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قۇرئەندازلار كىتاب كۆرۈپ، مەلىكىگە ھايات سۈيى ئىچكەن كېيىكنىڭ كىندىكىدىن ئاققان ئىپارنىڭ دورا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. بۇ يۇرت تەۋەسىدىكى ھەممە كېيىكلەرنى ئەكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن داۋا بولالمىدى، — دەپتۇ. مۆمىن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كېيىكنىڭ ئېيتقانلىرىنى يادىغا ئېلىپ:

— مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارساڭ، — دەپتۇ. بوۋاي ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مۆمىننى ئىززەت بىلەن قارشى ئېلىپ، قىزىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىپتۇ. مۆمىن قىزنىڭ راستتىنلا خەتەرلىك ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— پادىشاھئالەم، قىزلىرىنى يالغۇز قالدۇرسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرىنى باشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. مۆمىن يېنىدىكى كېيىكنىڭ تۇكىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپتۇ. كېيىك

دەرھال ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، مەندىن ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپتۇ. مۆمىن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى، — دەپتۇ. كېيىك شۇ زامات كىندىكىنى مەلىكىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ ئىپارنى تېمى-تىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ كۆزى-نى ئېچىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە مەلىكە كۈلۈپ ئور-نىدىن تۇرۇپتۇ. مۆمىن مەلىكىنىڭ ساقايغانلىقىنى بىلىپ، كېيىكنى ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇۋېتىپ، قىزنى باشلاپ تاشقى-رىغا چىقىپتۇ. ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان پادىشاھ، ئوردا ئەھلى، پۈتۈن يۇرتتىكى پۇقرالار خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىپ، مۆ-مىننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھ يۇرتقا كاتتا داستىخان سېلىپ مۆمىننى مېھمان قىپتۇ. كۈنلەر ئەنە شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان چاغدا، مۆمىننىڭ خىيا-لىغا ئايالى مەلىكە كەپتۇ - دە، بۇ يەردە يەنە تۇرۇشقا تاقىتى قالماي، پادىشاھتىن:

— پادىشاھىئالەم، مەن خىزمەتلىرىدە شۇنچىلىك بولالى-غۇدەكمەن. ئىجازەت بەرسىلە، كېتەي، — دەپتۇ. پادىشاھمۇ بىر كۈنى ئۇنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئال-دىن تەييارلىق قىلىپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ يۈرگە-نىكەن. پادىشاھ مۆمىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— سەن ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىپ مەن ئۈچۈن ئۇز-تۇلغۇسىز ياخشى ئىش قىلىپ بەردىڭ، مەن بۇنىڭ بەدىلىنى قايتۇرمىسام بولماس، شۇڭا قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قالغىن، — دەپتۇ. مۆمىن پادىشاھقا ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— پادىشاھىئالەم، ياخشى كۆڭۈللىرىنى قايتۇرۇشقا ھەد-

دىم ئەمەس ئىدى، بىراق مېنىڭ ھالال جۇپتۇم بار، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام، تېخىمۇ بولماس ھەم خىيانەت قىلالمايمەن، — دەپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىغا مەيۈسلىنىپ قاپتۇ، ئاخىر، مەلىكە ئۆزى بىر كۆرۈشۈپ باقسا، گەپكە كىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەننى خىيال قىلىپ، مەلىكىنى مۆمىن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. مۆمىن مەلىكىنىڭ بېشىنى ئاكىلارچە مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، پادىشاھقا بەرگەن جاۋابىنى بېرىپتۇ. مەلىكە زار ـ زار يىغلاپ قايتىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ھېچ ئامال قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. مۆمىن يولغا چىقار ۋاقتىدا، پادىشاھ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، قىرىق قېچىردا مال ـ دۇنيا بىلەن ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە ئۆزىتىپ كەپتۇ. مەلىكىمۇ ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە يىغلىغىنىچە كېلىپ، يىغلىغىنىچە خوشلىشىپ قاپتۇ...

مۆمىن پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، قويۇق بىر ئورمان ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ كېتىپ بارسا، يېقىن ئەتراپتىن بىرنەرسىنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مۆمىن، بۇ نېمە بولغىيدى، دەپ، ئەتراپنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئورمان ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاۋاز چىققان يەرگە بارسا، بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاچىسىغا بىر يولۋاسنىڭ بويىنى قىسىلىپ قېلىپ، تېنى خۇددى ئادەم ئىلىپ قويغاندەك تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ مۆمىننىڭ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ زامات دەرەخكە چىقىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاچىدىن چىقىرىپ يەرگە چۈشۈرۈپ

قويۇپتۇ. مۆمىن دەرەخ ئۈستىدىن يەرگە چۈشكەندە، يولۋاس:

— ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، ساڭا رەھمەت، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ. مۆمىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يولۋاس، سەن ئۇ يەرگە قانداق قىسىلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. يولۋاس ئۆزى ئېسىلىپ قالغان دەرەخنىڭ يې- نىدىكى قېرى دەرەخنىڭ كامېرىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ مېنىڭ ئۇۋام ئىدى. ئۈچ كۈن ئىلگىرى بەخىرامان ئۇخلاپ ياتسام، ئورمان ئىچىدىن تۇيۇقسىز قىيا - چىيا، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى. قارىسام، بىر مۇنچە ئاتلىق ئادەملەر كېلىۋېتىپتۇ. قورققىنىمدىن ماڭىدىغان يولۇمنى بىلمەي ئۆزۈمنى پەسكە ئاتقانىدىم، بوينۇم قىسىلىپ ئېسى- لىپ قالدىم. شۇ يەردە تۇر- غىلى ئۈچ كۈن بولدى، — دەپ ئەھۋالنى سۆز- لەپ بېرىپتۇ. مۆمىن يولۋاس بىلەن خوش- لىشىپ ماڭ- ماقچى بول- غاندا، يولۋاس:



— ياخ- شىلىقا ياخ- شىلىق ھەر- كىمنىڭ ئى- شى. مەندىن

نېمە تىلەيسەن؟ — دەپتۇ. مۆمىن يولۋاسقا:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپ يولىغا ماڭماقچى بولغانىكەن، يولۋاس ئالدىنى توسۇپ:

— ئەگەر بېشىڭغا بىرەر بالا كېلىپ، ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە، مۇشۇ تۈكنى كۆيدۈرسەڭ، مەن ئالدىڭدا تەييار بولىمەن، — دەپ بۇرۇتىدىن بىر تال يۇلۇپ بېرىپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

مۆمىن يولىنى داۋام قىلىپ ئورماندىن چىقىپ بىر سايلىققا چۈشۈپتۇ. سايلىقتىكى يول ئۇنى بىر تاغ ئېغىزىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تاغ ئېغىزىغا يېقىن يەردە نۇرغۇن سودىگەرلەر چېدىر تىكىپ چۈشكۈن قىلغانىكەن. مۆمىن، ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى ھېرىپ قالغان بولسا، ھاردۇق ئېلىۋاتسا كېرەك، مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇراي... دەپ، ئۇلار بىلەن ئامان - ئېسەنلىك سوراپ ماڭغانىكەن، سودىگەرلەردىن بىرى:

— ھەي بۇرادەر، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يۇرتقا قايتىمەن، — دەپتۇ مۆمىن. ياتقانلار مۆمىننىڭ جاۋابىدىن ئۇنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بۇرادەر، بۇ تاغ ئارىسىغا قاراقچىلار جايلىشىۋېلىپ يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، جانلىرىغا زامىن بولۇۋاتىدۇ. بىز شۇنچە نۇرغۇن ئادەم تۇرۇپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي ياتساق، سەن ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆتسەڭ، تېخىمۇ خەتەرلىك بولارمىكىن، — دەپتۇ. مۆمىن ئۇلارنىڭ يول يېرىمىدا چېدىر تىكىپ ياتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ - دە:

— سىلەر قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئامالسىزلىقىنى ئىپادىلەپ باشلىرىنى چايقىسا، بەزىلىرى:

— بىرەر پۇرسەت كېلىپ قالسا، قاراقچىلارنى يوقاتساق، ئاندىن ئۆتەلەيمىز، — دەپتۇ. مۆمىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بىز بۇ يەردە ياتساق، ئۇلار ئۇۋىسىدىن چىقمايدۇ، ئۇلارنى ساقلاپ ياتساق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوزۇق - تۈلۈكتىمىز تۈگەپ ئاچارچىلىقتىن ئۆلىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلار بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ مۆمىننىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، ھەممىسى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەييارلىنىپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلار تاغ ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭمايلا تاغ ئارىسىدىن چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، توپا - چاڭ توزۇتۇپ، نۇرغۇن كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. مۆمىن بۇنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپتۇ. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا، ئەمدى قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قارىشىپتۇ. بۇ چاغدا مۆمىننىڭ كۆز ئالدىغا يولۋاس كەپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى يادىغا ئېلىپ يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى يېنىدىن چىقىرىپ كۆيدۈرگەندە كەن، يولۋاس پەيدا بولۇپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، مېنى نېمە خىزمەتكە سالدىسەن؟ — دەپتۇ. مۆمىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان قاراقچىلارنى كۆرسىتىپ:

— ئاشۇ قاراقچىلارنى ھالاك قىلىپ، بىزنى تاغ ئىچىدىن ئامان - ئېسەن چىقىرىپ قويغان بولساڭ، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. يولۋاس:

— بولىدۇ، — دەپ بىر نەرە تارتقانىكەن، قىرىق بىر يولۋاس پەيدا بوپتۇ. قىرىق بىر يولۋاس يەنە بىر نەرە تارتقانىكەن، بىر مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قاراقچىلارغا قاراپ ئېتىلىپ،

ھەش ـ پەش دېگۈچە قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە يولغا ساپتۇ. سودىگەرلەر بۇنىڭغا بىر ھەيران قالسا، بىر خۇش بولۇپ، قاراقچىلاردىن قالغان ئاتلارنى يىغىپ، قاراقچىلارنىڭ ئۈۋىسىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاتلارغا ئارتىپ، مۆمىنىنىڭ قېچىرلىرىنىڭ كەينىگە چېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار تاغ ئىچىدىن چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتىغا تارقىلىپ، ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

مۆمىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول، نۇرغۇن تاغ ـ داۋانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يۇرت ئىلگىرىكىدەك ئاۋات ئەمەس، شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم شالاڭلاپ، قۇيۇنتاز پىرقىراپ يۈرگۇدەك. ئۇ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇدۇل ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كەمپىرى يالغۇز كۆلبىدە غېرىبسىنىپ ياتقۇدەك، ئۇنىڭ كۆزى كورمەس بولۇپ قالغانىكەن. مۆمىن ئۆيگە كىرگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سەن كىم، بۇ يەرگە كىمنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ. مۆمىن:

— مەلىكە، مەن سېنىڭ مۆمىنىڭ، مەن قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ. موماي:

— راستىما، مەن سېنىڭ دەردىڭدە كۆپ يىغلاپ كۆزۈم كورمەس بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن سېنى كۆرەلمەي كېتىدىغان ئوخشايمەن دەيتتىمەن، — دەپ، ھەسرەت چېكىپتۇ. مۆمىن مەلىكىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ دەرھال يېنىغا ئېسىۋالغان قاپاقنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق سۈيىنى مەلىكىگە ئىچۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ مۆمىننى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي:

— سەن مېنى ئالداپسەن، مېنىڭ مۆمىنىمنىڭ ساقىلى

ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن، سەن ياش يىگىت تۇرساڭ، قانداق مېنىڭ جۇپتۇم بولغۇدەكسەن؟ — دەپتۇ. مۆمىن ئۇنىڭغا:

— ئالدىرىما، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ياشىرىسەن، — دەپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، قاپاقتىكى سۇدىن يەنە ئىچۈرگەنىكەن، مەلىكە تازا ۋايىگە يەتكەن بىر چوكانغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن خۇشال قۇچاقلىشىپ كېتىپتۇ. مۆمىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ماللارنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قولۇم - قوشنىلارغا ئۇلەشتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ قارىسا، قوشنىلارنىڭ بىرىمۇ يوق. مۆمىن ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ:

— مەلىكە، يۇرتقا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— يۇرتتا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ كېتىپ نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كەتتى، يەنە نۇرغۇن كىشى كېسەل ئازابىنى تارتىپ ياتىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن يۇرتنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ - دە، ئورنىدا تۇرالماي قاپتۇ. شۇ زامات قولىغا قاپاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى يۇرت خەلقىگە ئىچۈرۈشكە مېڭىپتۇ. ئۇ پۈتۈن يۇرتتىكى خەلققە قاپاقتىكى سۇنى ئىچۈرۈپتۇ، خەلق كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مۆمىن ئەكەلگەن مال - دۇنياسىنى يۇرت خەلقىگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرىپتۇ. يۇرت خەلقى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، نۇرغۇنلىغان مال - دۇنياغا ئىگە بولغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ، كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھنىڭ ئورنىغا مۆمىننى ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مۆمىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، مال - دۇنيانى دوست تۇتماي، يۇرتنى ئادىل سوراپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپتۇ.

# غايىب شەھەر

زاماننىڭ زامانىسىدا، ئېگىز تاغنىڭ ۋادىسىدا يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، ئادەملىرى ئىشچان بىر مەھەللە بار ئىكەن. بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. بۇ مەھەللىدە ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن كىشىلەرنى شىلىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرىدىغان، تېرىقچا ئۈچكە قويسا، ئۈۋۈقى يەرگە چۈشۈپ كەتمىسۇن، دەپ ئالىقىنىنى تۇتىدىغان، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان، ئۆزى بىر چىشلەم نانىنى ئارتۇق يەۋەتسە، «يامان بولدى» دەيدىغان بىر باي بار ئىكەن. بۇ بايىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئېلى ئىسىملىك كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، باشقىلاردىن ئۆز ياخشىلىقىنى ئايىمايدىغان، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئىشلەمچى بار ئىكەن. ئېلىنىڭ بالىلىرى كۆپ ھەم كىچىك بولۇپ، ئۆزى بايىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلسا، خوتۇنى بايىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. ئېلىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان بىر ئۆچكىسى بار بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ جاڭگالغا ئېلىپ چىقىپ باقىدىكەن. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۆچكىسى بوغاز بولۇپ قاپتۇ، ئېلى بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئېلى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ قارىسا،

ئۆچكىسى تۇغۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئېلى شۇنداق خۇشال بوپ-تۇكى، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ-تۇ. بۇ ئوغلاق تىمەن، شوخ ئىكەن. ئانىسىمۇ سۇتلۇك ئى-كەن. ئېلىنىڭ ئايالى ئۆچكىنى سېغىپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى بالىلىرىغا سۇتلۇك چاي ئېتىپ بېرىدىكەن. بالىلىرى سۇتلۇك چايغا زاغرا ناننى چىلاپ يەپ، ئىنتايىن ھۇزۇرلىنىدىكەن.

خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ. ئۆچكىنىڭ ئوغلىقى خېلى چوڭ بولۇپ قاپتۇ. بىر جۈمە كۈنى ئېلى ئۆچكىسىنى ئوتلىتىپ كېلىش ئۈچۈن دالىغا چىقىپتۇ. ئېلى دالىدىكى ئوت - چۆپ-لىرى قويۇق ئۆسكەن بىر جايغا ئۆچكىسىنى قويۇپ بېرىپ، بىر چەتتە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئوغلاق بىرنەرسىدىن ئۈركۈگەندەك قىلىپ قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېلى ئوغلاقنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، ھەرقانچە قوغلاپمۇ يېتىشەلمەپتۇ. ئېلى قوغلىسا، ئوغلاق ئالدىغا قاراپ قاچقۇدەك، توختىسا، كەينىگە قاراپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئېلىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپ: «خەپ توختاپتۇر ! مەن سېنى تۇتۇۋالسام، ئۆلتۈرۈپ يەۋەتمەيدىغان بولسام» دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئاتىسىدىن قالغان تەۋەررۈكنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنە قوغلاپتۇ. ئېلى قوغلا - قوغلا بىر جايغا بارغاندا ھېرىپ كەتكىنىدىن يانپاشلاپ يېتىپتۇ - دە، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ-تۇ. ئۇ كۆزىنى يۇمۇشىغىلا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ: «ئوغلۇم، ئورنۇڭدىن تۇر. جاپا چەكمەي بەختكە ئې-رىشكىلى بولمايدۇ. بۇ ئوغلاق سېنى زور بايلىققا ئېرىشتۇرى-دۇ. سەن ئازراق ماڭساڭلا، بىر گۈزەل شەھەرگە بارىسەن. بۇ ئوغلاق سېنى شۇ گۈزەل شەھەردىكى خەزىنىگە باشلاپ بارىدۇ، ئەمما بۇنىڭ شەرتى بار: بىرىنچىسى، بۇ شەھەردە كىشىلەر كېچىسى سودا - سېتىق قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچ نەر-

سىسىنى تۇتمايسەن، گەپ قىلمايسەن. قانداق كىرگەن بول-
ساڭ، شۇنداق قايتىپ چىقىسەن. ئىككىنچىسى، ئالغان ئال-
تۇنلىرىڭنى يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىسەن. مۇشۇ شەرت-
لەرنى ئورۇندىساڭلا، ساڭا بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق،
لېكىن بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلساڭ، بۇ شەھەر-
نىڭ كىشىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ قالىسەن» دەپ كۆزدىن غا-
يىب بوپتۇ. ئېلى چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچسا، بوۋاي
يوق ئىكەن.

ئېلى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى قايتا ئەسلەپتۇ ــ دە، ئورنى-
دىن دەس تۇرۇپ، يەنە ئوغلاقنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئانچە ئۇ-
زۇن ماڭمايلا ئوغلاق بىر غار ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئېلىمۇ
ئوغلاقنىڭ ئارقىسىدىن قالماي مېڭىپتۇ، غارنىڭ ئىچىگە كى-
رىپ شۇنداق بىر چوڭ شەھەرنى كۆرۈپتۇكى، مۇشۇنچىلىك
ياشقا كىرگۈچە بۇنداق چوڭ شەھەرنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن.
بۇ شەھەرنىڭ نامى «غايىب شەھەر» ئىكەن. شەھەر ئىچىدە
دۇكانلار ئوچۇق، ھەر خىل گەزماللار تىزىلغان، ئاشخانىلاردا
ھەر خىل غىزالاردىن ھور چىقىپ تۇرغان، نى ــ نى گۈزەل
قىزلار دۇكان ۋە ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغۇدەك. ئېلى
بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ھېچ يەرگە قارىماي، بىرىمۇ ئا-
دەمگە گەپ ــ سۆز قىلماي، ئوغلاقنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ،
خېلى ئۇزۇن مېڭىپ يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختاپتۇ. قارىسا، دەرۋازىغا يوغان بىر قۇلۇپ سېلىقلىق،
دەرۋازىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە بىر ئاچقۇچ ئېسىقلىق تۇر-
غۇدەك. ئېلى بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئاچ-
قۇچنى ئېلىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. ھاي ــ ھاي... بىر ئۆيدە
ئالتۇن ــ كۈمۈش، يەنە بىر ئۆيدە گۆھەر ــ ياقۇت... ئىشقى-
لىپ، دۇنيادا بارلىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ ھەممى-

سى بار ئىكەن.
ئېلى ئۇيان قاراپ، بۇيان قاراپ، ئاخىر ئالتۇندىن بىر
خۇرجۇن ئاپتۇ ـ دە، كەينىگە قارىماستىن مەھەللىسىگە قاي-
تىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئەكەلگەن ئالتۇنلىرىنى ئاجىز، يېتىم ـ
يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. بۇنى ئۇققان باي بۇ ئال-
تۇندىن ئەكېلىپ، ئۆز بايلىقىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشنى ئويلاپ،
ئېلىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، بۇ ئالتۇنلارنى قانداق تاپقانلىقىنى
سوراپتۇ. ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل ئېلى بولغان ئىشلارنى بىر ـ
بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي شۇ كېچىسىلا
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تەييارلىق قىلىپ، ئوتتۇز تۆگە، ئوتتۇز
قېچىرنى ھەيدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئاخىر ئېلى ئېيتىپ بەرگەن
غايىب شەھەرگە بېرىپ، ھېلىقى چوڭ دەرۋازىنى ئېچىپ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر، مەرۋايىتلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ،
تۆگە، قېچىرلارغا ئارتىپ دەرۋازىدىن چىقىپتۇ، ئەمدى بىر ئاز
مېڭىشىغا، شۇنداق كېلىشكەن گۈزەل بىر قىز ئۇچراپتۇ. باي
مۇشۇنچىلىك ياشقا كىرگۈچە يەر يۈزىدە مۇنداق گۈزەل قىزنى
كۆرۈپ باقمىغانىكەن. باي بۇ گۈزەل قىزنى كۆرۈپ، بۇنىمۇ
ئەكېتىپ ئۆزىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش نىيىتىدە، بۇ
قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى تارتىپتىكەن،
باينىڭ تۇتقان يېرى توزۇپ كېتىپتۇ، لېكىن قالغان يېرى
ساق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن باي قورققىنىدىن تۇرغان جا-
يىدا قېتىپلا قاپتۇ، شۇ قاتقىنىچە تاكى ھازىرغىچە غايىب
شەھەردە پۈتۈن تۆگە، قېچىر ۋە بارلىق مال ـ مۈلكى بىلەن
شۇ پېتى قېتىپ تۇرغۇدەكمىش.

# قىسمەت

بۇرۇن بىر يۇرتتا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئايالى ھامىلىدار بولۇپ، توققۇز ئاي بولغاندا پادىشاھ شىكارغا مى-ڭىپتۇ. شىكار قىلىپ يۈرۈپ بىر دەريا بويىغا كەلسە، ئۈچ ئوغۇل دەريا ئىچىدە بىر ۋاراق قەغەزنى سۇغا سېلىپ، سۇدىن ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خەتنى ئوقۇپ، يەنە سۇغا سېلىپ، سۇدىن ئېلىپ، خەتنى يەنە ئوقۇپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئۈچ كۈن قاراپ تۇرۇپتۇ. بالىلارمۇ ئۈچ كۈن-گىچە سۇدىن چىقماپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھەيران بولغان پا-دىشاھ، خېتى بار قەغەزنى سۇغا چىلىسا، ئۇنىڭدا خەت قالام-دۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، دەپ ئويلاپ، ئېتىنى سۇغا سېلىپ بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— ھەي ئوغۇللار، سىلەر بۇ خېتى بار قەغەزنى سۇغا سېلىپ، يەنە ئېلىپ، يەنە سېلىپ، يەنە ئېلىپ ئوقۇپ يۈرد-ىسلەر، بۇنداق قىلىشىڭلار نېمە ۋەجىدىن؟ — دەپ سوراپتۇ. باللار:

— ھەي ئەخمەق، بىز بۇ يەردە خېتى بار قەغەزنى سۇغا سېلىپ، سۇدىن چىقىرىپ يۈرۈۋاتىمىز. پالانى شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار ئىكەن، ئۇ تۇغقىلى ئالتە كۈن بولدى، ئۇ قىز تۇغدى. يەنە پالانى يەردىكى بىر پادىچى-

نىڭ خوتۇنىمۇ ئوغۇل تۇغقىلى ئالتە كۈن بولدى. بىز ئاشۇ ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ نىكاھىنى قوشۇۋاتىمىز، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق خاپا بولۇپ: «مېنىڭ ئايالىم قىز تۇغقان بولسا، مەن بىر پادىشاھ تۇرۇپ، قىزىمنى پادىچىنىڭ ئوغلىغا بېرەمەنمۇ؟» دەپ، دەريادىن چىقىپ، ئېتىنى ئۇرۇپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆيىگە بارسا، راستتىنلا پادىشاھنىڭ ئايالى تۇغقىلى ئالتە كۈن بولغانىكەن، بالا ھەقىقەتەن قىز ئىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، يەنە دەرھال ئىككى نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئايالى ئوغۇل تۇغقان پادىچىنى ئىزدەپ، چىڭقىچۈش بولغاندا ئۇنىڭ ساتمىسىنى تېپىپتۇ، ئۇ يەرگە بارسا، پادىچى يوق، بىر ئايال بىر بالىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان. بۇ ئايال پادىشاھنى كۆرۈپ:

— كەلسىلە، پادىشاھىم، ساتمىغا كىرسىلە، — دەپتۇ، لېكىن پادىشاھ ساتمىغا كىرمەي:

— سىزنىڭ بالىڭىز قىزمۇ، ئوغۇلمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېچ ئىشنى ئۇقمىغان ئايال:

— بالام ئوغۇل، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇ ئايالدىن:

— سىز تۇغقىلى قانچە كۈن بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال:

— ئالتە كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بۈگۈن چوقۇم بۇ ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېتىشىم كېرەك، دەپ، ئۇ ئايالنى كۆزدىن نېرى قىلىش غەرىزىدە، ئايالغا:

— ئۇسساپ كەتتىم، ماڭا قۇدۇق سۈيى ئەكېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. ئۇ بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى بولغاچقا، ئايال بالىسىنى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ، قۇدۇق سۈيى ئەكېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. شۇ چاغدىلا بۇ ياۋۇز پادىشاھ يېنىدىكى خەن-

جىرىنى سۇغۇرۇپ بالىنىڭ كۆكسىگە سانجىپ قويۇپلا، ئايال كەلگۈچە ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ ئارامگاھىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئايال سۇنى ئەكەلسە، بالىسىنىڭ كۆكسىدە بىر خەنجەر سانجىقلىق، قان يۆگەكتىن ئۆتۈپ بۆشۈكنىڭ تېگىگە ئېقىۋات- قان. ئايال ئۆزىنى كاچاتلاپ، خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. ئېرى- مۇ يېتىپ كەپتۇ ۋە ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەر ئىككىسى: «ئاھ خۇدا، بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر بالىمىز ئىدى، بالىمىزنى ئامان - ئېسەن قىلغايسەن» دەپ نالە - پەرياد قىپتۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بى- لەن بۇ بالىنىڭ رىزقى تۈگىمىگەچكە، بالىغا باشقىدىن جان كىرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بالا ھايات قاپتۇ. بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، توققۇز ياشقا كىرگەندە دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا مۇساپىر بو- لۇپ، يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر شەھەرگە كىرىپ بىر ئۆلى- ماغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بالا ئۆلىماغا يالۋۇرغانىكەن، ئۇ ئۆلى- ما بۇ بالىنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ ئوقۇتۇشقا باشلاپتۇ. بالا ئون يەتتە ياشقىچە بۇ ئۆلىمانىڭ قولىدا ئوقۇپ، تولغان موللا بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلماقچى بولۇپ، ئۇستازىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ- تۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا، بىر شەھەرگە كەپتۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ شە- ھەردە بىر ئادەم باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانىكەن، لېكىن بۇ شەھەردە قازا قىلغانلار- نىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدىغان بىرمۇ تۈزۈك- رەك موللا يوق ئىكەن، شۇڭا



بۇ ئۆلىما يىگىت دەرھال ئالدىغا چىقىپ بۇ مېيىتنىڭ نامىزىنى شۇنداق چۈشۈرۈپتۇكى، ئۇنىڭ قىرائەتلىرى پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرۇپتۇ. يۇرت - جامائەت دەرھال بىر خەت يېزىپ پادىشاھقا كىرگۈزۈپتۇ. خەتتە: «ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم! ئاڭلىمىدىم دېمەڭكى، بىز مۇسۇلمان ئەللەرمىز. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ھازىرغىچە مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغان تۈزۈكرەك ئۆلىما يوق ئىدى. بۈگۈن ئۇزاق جايدىن بىر ئۆلىما كەپتۇ، ئۇ بىر مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ھازىرغىچە بىز مۇنداق قىرائەت قىلغان ۋە مۇنداق ناماز چۈشۈرگەن، بىلىمگە تولغان ئادەمنى كۆرمىگەنىدۇق. شۇڭا، بىز شۇنى تەلەپ قىلىمىزكى، سىز پەرمان چۈشۈرسىڭىز، مۇشۇ ئۇلۇغ زات بىزنىڭ يۇرتىمىزدا تۇرۇپ قالسا» دېيىلگەنىكەن. پادىشاھ بۇ خەتكە قارىتا دەررۇ بىر جاۋاب مەكتۇپ يېزىپتۇ، مەكتۇپتا: «سىلەر ئۇ ئۆلىمادىن سوراپ بېقىڭلار، ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ھازىرلاپ بەرسەم، مۇشۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالىدىكەن؟ ئەگەر تۇرۇپ قالىمەن دېسە، ئۇنىڭغا نېمە لازىم بولسا، مەن ھەممىنى ھازىرلاپ بېرىمەن» دەپ يېزىلغانىكەن. يۇرت - جامائەت:

— ئەي ئۆلىما يىگىت، سىزگە نېمە لازىم؟ — دېگەندە، ئۇ يىگىت يۇرت - جامائەتكە:

— مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق، بىر مۇساپىرمەن. مەن بۇ يۇرت خەلقىگە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئاتا - ئانامغا بولغان بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىۋالسام دەيمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جامائەت دەرھال پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ شۇ زامات:

— ئەگەر بۇ يىگىت تۇرۇپ قالىمەن دېسە، مەن ئۇنىڭغا ئۆز قىزىمنى بېرەي، شۇ چاغدا ئۇ بۇ يۇرتتىن كېتەلمەيدۇ، — دەپتۇ. جامائەت ئۆلىما يىگىتكە:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىر گۈزەل مەلىكىسى بار، بىز سىزگە شۇ مەلىكىنى ئېلىپ بېرەيلى، سىز مۇشۇ يۇرتتا تۇرۇپ، بىزنىڭ نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىمىزنى باشقۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. ئۆلىما يىگىت ماقۇل بوپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، توي ھازىرلىقىنى ئۆزى قىلىپ، ئۇ يىگىتنىڭ نىرى - بېرىسىنى سورۇشتۇر-مەيلا، قىزىنى توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىرنەچچە زامان ئۆتۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى توساتتىن پادىشاھنىڭ ئېسىگە ئۇن توققۇز يىل ئىلگىرى دەريا بويىدا ھېلىقى بالىلارنىڭ قىزىنىڭ نىكاھى ھەققىدىكى دېگەن گەپلىرى ئېسىگە چۈشۈپتۇ - دە، دەررۇ قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي قىزىم، ئېرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە دادىسىغا:

— ئېرىم ئەتىگەندە چىقىپ كېتىدۇ، مەسچىتتە ئىبتىدا-كاپتا ئولتۇرۇپ، كەچ بولغاندا قايتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ. پا-دىشاھ يەنە:

— ئېرىڭنىڭ بىرەر يەردە بەلگىسى بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— ھازىرغىچە بىرەر يەردە بەلگىسى بارلىقىنى كۆرمى-دىم، — دەپتۇ. پادىشاھ قىزغا:

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن ئېرىڭ بىلەن بىرگە ياتقاندا ئېرىڭنىڭ ئوڭ كۆكرىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى سىلاپ باق-قىن، — دەپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە مەلىكە ئاستا ئۆلىما يى-گىتنىڭ ئوڭ كۆكرىكىنىڭ ئۈستىنى سىلىسا، پىيالىدەك يەردە تاتۇق تۇرغان. بۇنى كۆرۈپ، مەلىكە ئېرىدىن:

— بۇ يەر نېمە بولغان؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئۆلىما يىگىت ئايالىغا:

— ئەي مەلىكە، بۇ تاتۇق مەن ئالتە كۈنلۈك ۋاقتىمدا، بۆشۈكتە ياتقان چېغىمدا، بىر ئادەم كېلىپ، بىر خەنجەرنى قاداپ قويۇپ كەتكەن جاينىڭ يارىسى، — دەپ يۈگۈرۈپ قو-يۇپ، بوغچىسىدىن بىر خەنجەرنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە، — مانا مۇشۇ خەنجەر مېنىڭ كۆكسۈمدىن سۇ-غۇرۇۋېلىنغان خەنجەر. ئەگەر كىمكى مۇشۇ خەنجەر مېنىڭ دېسە، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىنتىقامىمنى چوقۇم ئالىمەن، — دەپ، بۇ تاتۇقنىڭ سىرىنى ئايالىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى ئۆلىما يىگىت يەنە مەسچىتكە كېتىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ يەنە قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي قىزىم، ئېرىڭنىڭ بەلگىسى بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز دادىسىغا:

— ئوڭ كۆكرىكىنىڭ يۇقىرىسىدا پىيالىدەك تاتۇقى بار ئە-كەن. ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، مانا مۇشۇ خەنجەرنىڭ ئىگىسى-نى تاپسام، ئاققان قېنىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن دەيدۇ، —



دەپ، خەنجەرنى ئاتىسىغا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ قارىسا، مۇز-دىن ئون توققۇز يىل ئىلگىرى ئۆزى قاداپ قويغان خەنجەر شۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ئاللاتائالادىن كەچۈرۈم سوراپتۇ: «ئەي خۇدا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆت-كۈزدۇم، مېنى كەچۈرگەيسەن !» دەپ نالە قىپتۇ. كەچتە پا-دىشاھ يەنە كۆيئوغلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ خەنجەر مېنىڭ. مەن ئاللانىڭ ئال-دىدا ۋە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپتى-مەن. ئەگەر سىز راستتىنلا قان قىساسى ئالىمەن دېسىڭىز ئىختىيارىڭىز، — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەن-گەن ئۆلىما يىگىت:

— ئەي ئاتا ! ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا. ئاللاتائالادىن بىر-رۇخسەت قىلىپ تەۋرىمەيدۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى. بەندىلەردە سەۋەنلىك ئۆتۇلىدۇ، لېكىن ئاللا ئالدىدا گۇناھىنى تونۇپ تۇ-زەتسە، ئاللا بىزنى كەچۈرىدۇ، — دەپ قېيناتىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ ۋە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. پادىشاھ مىڭ بىر رەھمەت ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا، بۇ ئەقىللىق ئۆلىما يىگىت پادىشاھقا:

ئانام ئۇلۇغ، ئاتام ئۇلۇغ،
ئاتامدىنمۇ ئانام ئۇلۇغ.
خالىس ئاتا - ئانا بولغان،
قېيناتا ۋە قېينانام ئۇلۇغ.

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بۇ بالىنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن: «ئاتا - ئانا ئۇلۇغ، لې-كىن ئاتا - ئانىدىن قېيناتا - قېينانا تېخىمۇ ئۇلۇغ» دېگەن تەمسىل قالغانىكەن.

# يەتتە كېنىزەك

ئىلگىرىكى زامانلاردا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىكەن، بۇ يەتتە ئوغۇلنىڭ بىردىن كېنىزىكى بار ئىكەن. ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ كېنىزەكلىرىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن. پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىگە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا قارىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېنىزەكلىرىنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ كېنىزەكلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشايدىغان يەتتە ئوغۇل تېپىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ ھەمدە ئۇلارغا بۇ شەرتنى ئورۇندىيالمىسا، كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كېنىزەكلەر پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەرمۇشەھەر، رەستىمۇرەستە ۋە دەشت - باياۋانلارنى كېزىپمۇ بىر - بىرىگە ئوپئوخشايدىغان يەتتە ئوغۇل بالا تاپالماپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مۆھلىتىمۇ توشۇپ، پادىشاھ ئۇلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا تۇنجى ئوغۇلنىڭ كېنىزىكى:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھئالەم، بىزگە رەھىم قىلىپ يەنە

ئۇچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، شۇ چاغدا تاپشۇرۇقلىرىنى يەنە ئورۇندىيالىساق، ئۆلۈشكە رازىمىز، — دەپ يىلىنىپتۇ. پادشاھ بەربىر ئۇلارنىڭ بۇ شەرتنى ئورۇندىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، ئۇلارغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

كېنىزەكلەر، پادشاھنىڭ قولىدا ئۆلگەندىن كۆرە، دەشت - باياۋانلاردا يىرتقۇچلارغا يەم بولغىنىمىز تۈزۈك، دېيىشىپ، دەشت - باياۋانلارغا يول ئاپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە باياۋاندىكى بىر ئەسكى كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار مۇشۇ جايدا قونۇشنى ئويلاپ كەپىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قېرى موماي يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر مومايغا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان چۆلگە كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. كېنىزەكلەر پادشاھنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايجان قايغۇسىدا قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەپىدىكى موماي ئەسلىي جىن - شاياتۇنلارنىڭ پادشاھى بولۇپ، كېنىزەكلەرنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى يېيىش مەقسىتىدە قېرى موماي قىياپىتىگە كىرىۋالغانىكەن. موماي قىزلارنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىدىن، ئەقىل - پاراستى ۋە جاسارىتىدىن زوقلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ ھەم ئۇلارغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەپتۇ. موماي كېنىزەكلەرگە:

— سىلەر ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا قاپسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر كەلگەن بۇ جاي ئىنتايىن خەتەرلىك. مەن سىلەرگە ياردەم بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلاي. ئەگەر سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار، ئىچىڭلاردىكى بىرىڭلارنى ئەركەك جىنغا ئىن-

كاھ قىلىپ قوياي، ئۇ پەقەت بىر كېچىدىلا قورساق كۆتۈرۈپ
يەتتە ئوغۇل تۇغىدۇ. بۇ يەتتە ئوغۇل بىر كۈن ئىچىدىلا قى-
رىق گەز يوغىنايدۇ، ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقى، چىراي -
شەكلى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئۇلارنى
پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساڭلار، بۇ ئېچىنىشلىق تەق-
دىردىن قۇتۇلىسىلەر، — دەپتۇ.

قىزلار بۇنىڭغا ماقۇل كەپتۇ، بىراق ئەركەك جىنغا كىم-
نى نىكاھلاشتا بىر يەرگە كېلەلمەپتۇ. ئۇلار مومايغا ئەركەك
جىنغا نىكاھلىنىشقا ھېچقايسىسىنىڭ نارازى ئەمەسلىكىنى،
بىراق كېلىشەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ يەتتە قىز ئارى-
سىدىن كۆڭلىگە ياققان بىرىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئېي-
تىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تۇنجى ئوغۇلنىڭ كېنىزى-
كىنى تاللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي كېنىزەكنى كوھىقاپقا
باشلاپ بېرىپ، ئۆز ئوغلىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. راست دېگەن-
دەك، كېنىزەك بىر كېچىدىلا قورساق كۆتۈرۈپ، ئەتىسى ئە-
تىگەندىلا بىر - بىرى-
رىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان يەتتە ئوغۇل تۇغۇپتۇ. موماي بۇ بوۋاقلارنى ئالدىغا تى-
زىپ:
— سۆ-



زومگە قولاق سېلىش، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىرىق گەز يوغىناش ! ئەگەر دېگىنىمدەك قىلىشمىساڭ، ھەممىڭنىڭ چې- چىنى قىرقىۋېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىمەن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئوغۇللار موماينىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. كېنىزەك قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا چىراي ـ تۇرقى، بوي ـ بەستى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوپئوخشاش يەتتە ئوغۇل تۇرغۇدەك.

موماي كېنىزەكلەرنى يەتتە ئوغۇل بىلەن يولغا سېلىش ئالدىدا، ئۇلارغا:

— سىلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارساڭلار، ئۇ جەزمەن ھەيران قېلىپ، ئوغۇللارنى نەدىن تاپقانلىقىڭلارنى سورايدۇ. سىلەر: «بازاردىن سېتىۋالدۇق» دەپ جاۋاب بېرىڭلار. پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەنمىسە، ئۇ چاغدا: «بىز بىر شەھەردە ئىسلام ئې- چىپ، غازات قىلدۇق، قايتىشىمىزدا بۇلارنى ئەسىر ئورنىدا تۇتۇپ كەلدۇق» دەپ جاۋاب بېرىڭلار. پادىشاھ بۇنىڭ ئاقىۋى- تىدىن قورقۇپ، سىلەرگە بۇيرۇغان ئۆلۈم جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىش ھېسابىغا ئوغۇللارنى ئەسلىي ئورنىغا قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىلەر بۇنىڭغا ھەرگىز كۆنمەسلىكىڭلار كې- رەك. مانا شۇنداق قىلالىساڭلار، ئۆز بەختىڭلارنى تاپالايسىلەر. ئەمدى يولغا چىقساڭلار بولىدۇ، — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

كېنىزەكلەر موماينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەتتە ئوغۇل- نى باشلاپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. كېنىزەكلەر شاھ ئوردىسىغا كىرگەندە، پۈتكۈل ئوردا ئەھلى ئوپئوخشاش يەتتە ئوغۇلنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. پادىشاھ كېنىزەكلەردىن ئوغۇللارنى نەدىن تاپقانلىقىنى سوراپتۇ. كېنىزەكلەر موماينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە:

— بازاردىن سېتىۋالدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادى-

شاھ بۇنىڭغا ئىشەنمەستىن:

— مەملىكىتىمىزنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئادەم ساتىدىغان ئىش يوق. راستىڭلارنى ئېيتىڭلار، مۇبادا يالغان ئېيتساڭلار، كاللاڭلارنى ئالىمەن ! — دەپ تەھدىت سالپتۇ. بۇ چاغدا كېنىزەكلەر يەنە مومايىنىڭ سۆزى بويىچە:

— بىر شەھەردە ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن غازات قىلغانىدۇق، قايتىشىمىزدا بۇلارنى ئەسىر ئورنىدا ئېلىپ كەلدۇق، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پۇتكۈل ئوردا ئەھلى ھەيرانلىقتا، شاھ قورقۇنچ ئىچىدە قاپتۇ. شاھ كۆڭلىدە، بىر شەھەردە ئىسلام ئېچىپ، غازات قىلىپ، ئەسىر ئېلىپ كەلگۈچى بولغان ئادەملەر مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۈچۈن مېنىمۇ ساق قويمىغۇدەك. مەن ئەسىرلەرنى جايىغا قايتۇرۇپ، بۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلاي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە قىزلارغا:

— سىلەرنىڭ جازايىڭلارنى كەچۈرۈم قىلدىم، ئەسىرلەرنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇۋېتىڭلار، — دەپتۇ. بىراق، كېنىزەكلەر بۇنىڭغا زادىلا كۆنمەپتۇ ھەم شۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھ بولغان كىشى ئۆز ھۆكمىدىن يانماسلىقى كېرەك، ئەگەر شاھ ئۆز ھۆكمىدىن ۋاز كەچسە، پادىشاھلىقىدىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھ خۇدىنى يوقىتىپتۇ ھەمدە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، دەشت - باياۋانغا چىقىپ كېتىپتۇ. قىزلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان شاھزادىلەر بىلەن تويلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ئەركەك جىندىن تۇغۇلغان يەتتە ئوغۇلمۇ غايىب بوپتۇ. چوڭ شاھزادە تەختتە ئولتۇرۇپ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىگە ياراپ، داڭقى جاھانغا تارقىلىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ.

# ھېكمەتلىك سۆز

قەدىمكى زاماندا تارىم بويىدىكى ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئىككى ئاكا - ئۇكا بولغانىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى ھابىل، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى قابىل بولۇپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ مىجەز - خاراكتېرى، خۇي - پەيلى، ئەقىل - پاراسىتى تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن. ھابىل، بەتنىيەت، تەمەخور، قىزغانچۇق، بېخىل، ئاچ كۆز، ئىچى تار بولۇپ، ئىنىسىنى كۆرەلمەيدىكەن ۋە ئۇنى شىلىپ يېيىش كويىدا ئىكەن. قابىل بولسا، ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئىنساپ - دىيانەتلىك، ئەقىللىق، مەرد ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان بىر ھويلىدا بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسى ئايرىم - ئايرىم ئۆيدە تۇرۇشىدىكەن.

بىر كۈنى قابىل ئۆزى باققان توخۇ تۇغقان يىگىرمە دانە تۇخۇمنى سېتىپ، چىراغ يېغى سېتىۋالماقچى بولۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھابىلمۇ ئىنىسىنىڭ تۇخۇم ساتقان پۇلىغا تەڭ شېرىك بولۇپ، مانتا - سامسا ئېلىپ يەپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قابىل شەھەرگە كىرىپ، تۇخۇملىرىنى يىگىرمە تەڭگىگە سېتىپ چىراغ يېغى ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ بارسا، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بېشىغا

كۇلاھ، ئۇستىگە جەندە كىيگەن، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىنى ياپقان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاي قىپقىزىل بىر پالاس ئۇستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇ-رۇپ، خورما ئۇرۇقىدىن قىلىنغان تەسۋىسىنى سىيرىپ:

هېكمەتلىك سۆز ساتۇرمەن،
خالىغانلار ئالسۇنلەر.
پايدىسىنى سۆزۈمنىڭ
كېيىن بىلىپ قالسۇنلەر...

دەپ تەلقىن ئوقۇپ تۇرغۇدەك.

قابىل مەرھۇم دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا دائىم دەيدىغان: «پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ»، «بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز مىڭ تەڭگىگە ئەرزان» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆڭلىدە، توختا، ئۆينى يورۇتۇشقا چىراغ يېغى تېپىش تەس ئەمەس، لې-كىن كۆڭۈلنى يورۇتۇشقا ئەقىل چىرىغى تېپىش تەس، بۇ بوۋاي-دىن ھېكمەتلىك سۆز ئالايچۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، بوۋاينىڭ ئال-دىغا كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! — دەپتۇ قابىل.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، كەل، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

قابىل ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالماقچى بولغانلى-قىنى ئېيتىپتۇ ۋە بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن: «سۆزۈمنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەرگە بىر ئېغىز ھېكمەت-لىك سۆزنى يىگىرمە تەڭگىگە ساتۇرمەن، سۆزۈمنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغانلارغا يۈز تەڭگە بەرسىمۇ، ساتمايمەن» دەپتۇ. قابىل ھەميانىدىن تۇخۇم ساتقان يىگىرمە تەڭگىنى ئېلىپ بوۋاينىڭ

ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھابىل ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ ئۇ ـ نىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ ـ دە، قابىلنىڭ تۇخۇم ساتقان يىـ ـ گىرمە تەڭگىگە ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئۇكام، شۇنچىۋالا پۇلنى بىكاردىن ـ بىكار خەجلـەمـ ـ سەن؟ يىگىرمە تەڭگىگە بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز ئالغاننىڭ ئورنىغا، ئىككىمىز ئاشپۇزۇلغا كىرىپ راسا تويغۇدەك مانتا، سامسا... ئېلىپ يېسەك بولماسمىدى؟ — دەپ، ئۇنى توسۇ ـ ماقچى بوپتۇ. قابىل ھابىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ:

— ئادەمنىڭ قورسىقىلا تويۇپ، ئەقىل ـ پاراستى تويـ ـ مىسا، بولمايدۇ. قورسىقىنىلا تويغۇزۇشنى بىلىپ، ئەقىل ـ پاراستىنى تويغۇزۇشنى بىلمىگەنلەر ئاخىر يەنىلا قورسىقىـ ـ نىمۇ تويغۇزالمايدۇ. پەقەت ھايۋانلارلا قورسىقىنى تويغۇزۇشـ ـ تىن باشقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، مەن يىگىرمە تەڭگىگە ھېكـ ـ مەتلىك سۆز سېتىۋالغىنىم ئالغان، — دەپ، ئۆز نىيىتىدىن قەتئىي يانماپتۇ. ھابىل ئىنىسىنىڭ بۇ ئىشىنى «ئەخمەقلىق» قا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تاپا ـ تەنە قىلىپ، غودۇڭـ ـ شىپ بىقىپ، بوۋاينىڭ يىگىرمە تەڭگىگە قانداق ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بوۋاي سىرىۋاتقان ئۇزۇن تەسۋىسىنى ئالدىغا قويۇپ قو ـ يۇپ، قابىلنىڭ ئىككى قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتۇپ تۇ ـ رۇپ: «ئوغلۇم، ھەرقاچان، ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئېسىڭدە بولسۇنكى، يالغان گەپ قىلىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالغاندىن،

راست گەپ قىلىپ دارغا ئېسىلغان ئەۋزەلدۇر» دېگەن بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزنى ئېيتىپ بېرىپ ئاندىن يىگىرمە تەڭگىنى ئاپتۇ.

دانىشمەن بوۋاينىڭ بۇ بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزى قابىلنىڭ يۈرەك قېتىغا مەھكەم ئورناپتۇ. ئۇ بوۋايدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپتۇ.

لېكىن، ھابىل بولسا، يەنىلا قابىلنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پاشىدەك گىڭىلداپ: «ئاشۇ گەپمۇ يىگىرمە تەڭگىگە ئەرزىمدۇ؟ قېنى، سەن ئاشۇ گەپكە ئەمەل قىلىپ قانچىلىك پايدا ئېلىپ كەتكىنىڭنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي، مەن ئۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە ئەمەل قىلماي قانچىلىك زىيان تارتىدىكەنمەن؟ كېيىن كۆرۈشەرمىز» دەپ تەئەددى گەپ قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئالتە ھەپتە ئالتە كۈن ئالتە سائەت ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى قابىل ئوقيا، ساداق، خۇرجۇن ـ قاچا، نان ـ قاق تەييارلاپ ئوۋغا جابدۇنۇپتۇ. ھابىل كۆڭلىدە، ئىنىم بۇ سەپەر ئوۋغا چىقىپ كۆپرەك كېيىك، بۇغا، ئارقار، مارال قاتارلىق قىممەتلىك ھايۋانلارنى ئوۋلاپ، مەندىن باي بولۇپ كەتمىسۇن يەنە، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ تاپقان نەرسىلىرىگە تەڭ شېرىك بولمايمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، قابىلغا ئەگىشىپ بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىۋېرىپ پۈت ـ قوللىرى تېلىپتۇ، لېكىن ئۇلارغا ئوۋ قىلغۇدەك نە بىر كېيىك، نە بىر بۇغا، نە بىر ئارقار، نە بىر مارال... ھېچ نەرسە ئۇچرىماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قابىل ھابىلنىڭ ۋايساش، زارلاشلىرىغا قارىتا: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ھېرىپ كەتكەندە توختاپ ھاردۇق ئاپتۇ، بىردەم ھاردۇق ئېلىشىپ يەنە يولغا

راۋان بوپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا، ئاخىر چەكسىز كەتكەن بىر توغراقلىقتىن ئۆتۈپ، ئىككى يولنىڭ ئاچىسىغا كېلىپ قاپ- تۇ. مەغرىب تەرەپكە ماڭىدىغان يولدا ئادەم، هارۋا، ئات ـ ئۇلاغ، تۆگىلەرنىڭ ماڭغان ئىزلىرى بار ئىكەن، مەشرىق تە- رەپكە ماڭىدىغان يولدا ئادەمزاتنىڭ ماڭغان ئىزى يوق بولۇپ، يولۋاس، شىر، قاپلان، بۆرە، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئىزى بار ئىكەن. بۇ پەيتتە هابىلنىڭ قورسىقى- غا دەرهال جىن كىرىپتۇ ـ دە، ئۆز كۆڭلىدە، مەغرىب تە- رەپكە ماڭىدىغان يولدا ئات ـ ئۇلاغ، تۆگىلەرنىڭ ماڭغان ئى- زى بارلىقىغا قارىغاندا، ئۇ تەرەپكە بارسا، چوقۇم دۇنيادەپىنە، بايلىق تېپىپ كەلگىلى بولغۇدەك، مەشرىق تەرەپتىكى يولغا ماڭغاندا، شەكسىزكى، يولۋاس، شىر، قاپلان، بۆرە... قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم بولغۇدەك. شۇڭا، ئىنىمنى مەشرىق تەرەپكە ماڭىدىغان يولغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم مەغرىب تە- رەپكە بېرىپ دۇنيادەپىنە، بايلىق يىغىپ كەلمەيمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ـ دە، قابىلغا:

— ئۇكام قابىل، ئىككىمىز بىللە ماڭساق بىرنەرسە ئۇچرىتالمايدىغان ئوخشايمىز. ئىككىمىز مۇشۇ يولنىڭ ئاچى- سىدا ۋاقتىنچە ئايرىلايلى. سەن مەشرىق تەرەپتىكى يول بىلەن ئۇدۇل ماڭغىن، مەن مەغرىب تەرەپتىكى يولغا ماڭاي، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىيلەن ئاچا يولدا ئايرىلىپ، هابىل مەغرىب تەرەپتىكى يولغا، قابىل مەشرىق تەرەپتىكى يولغا قاراپ راۋان بوپتۇ. قابىل بىر ئاش پىشىم يول مېڭىپ بىر ئېگىز قۇم بارخاندىن كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تۆت ئەتراپى ياپيېشىل مەجنۇنتال بىلەن قاپلانغان، ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاقتىن بۇلدۇقلاپ سۈپسۈزۈك سۇ چىقىپ تۇرغان بەك هاۋا- لىق بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بوستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى

بولاق بويىغا كېلىپ، تولۇمدىن تالقان ئېلىپ كاپ ئېتىپ، سوپسوزۇك بولاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ ھوزۇرلىنىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، ئۇدۇل تەرەپتىن بىر ئاق پىلنىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، پىلنىڭ ئۈستىدە بىر ياش يىگىتنىڭ پىلنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىۋېلىپ، گاھ ئوڭ تەرەپكە، گاھ سول تەرەپكە يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس - تاماس قالغان ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

چېپىپ كېلىۋاتقان پىل بولاقنىڭ ئۇدۇلىغا يېقىن كې-لىشىگە، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر چىغ تۈۋىدىن بىر بوز توشقان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، پىلنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. بوز توشقاننى «چاشقاننىڭ ئانىسىمىكىن» دەپ تونۇپ قالغان پىل شۇ ھامان شاپپىدە توختاپتۇ - دە، ئۆز ئورنىدا ئوڭ - تەتۈر چۆرگىلەپ، پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ ھۆر-



كىرەپ، ئۇستىدىكى يىگىتنى يەرگە يىقىتىۋېتىپتۇ، خارتۇمى
بىلەن يىگىتنىڭ بېلىدىن يۆگەپ، يەرگە نىقتاپ ـ تىركەپ،
گاھ ئېگىز، گاھ پەس كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلاپ، يۇمىلىتىشقا
باشلاپتۇ. بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆرگەن قابىل دەرھال
ئوقداندىن ساداقنى ئېلىپ پىلغا چەنلەپ شۇنداق بىر ئېتىپ-
تۇكى، ئەيىۇھەنناس ! ھەرقانداق ئۇستا مەرگەننىڭ ئاتقان ئو-
قىمۇ بۇنداق توغرا ماڭماس. قابىل ئاتقان ئوق دەل پىلنىڭ
قاق چېكىسىگە تېگىپ، تۇۋۇنگىچە سانجىلىپ قاپتۇ. بۇ تۇ-
يۇقسىز زەربىدىن چۆچۈپ كەتكەن پىل يىگىتنى تاشلاپ
توغراقلىق جاڭگال تەرەپكە قاراپ بەدەر قېچىپ كۆزدىن غايىب
بوپتۇ. پىل قاچقاندىن كېيىن قابىل دەرھال ھېلىقى يىگىت-
نىڭ يېنىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ قورسىقىدىن بۇل-
دۇقلاپ قان ئېقىپ، پۈتۈن ئەزايى غەرق قان بىلەن بويىلىپ،
ئۇستىدىكى
شاھانە تون ـ
سەرپايلىرىمۇ
قان بولۇپ
تېنىگە چاپ-
لىشىپ كەت-
كەن ھالدا بى-
ھوش ياتقۇ-
دەك. قابىل
دەرھال يېنى-
دىن خەنجىرى-
نى سۇغۇرۇ-
ۋېلىپ ئاۋۋال
ئۇنىڭ شاھانە



تون ـ سەرپايلىرىنى كېسىپ سالدۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قورسىقىدىكى قان چىقىۋاتقان يەرگە قوش مۇشتىتەك پاختىنى تىقىپ قاننى توختىتىپتۇ ھەمدە بۇلاقتىن سۇ ئەكىلىپ ئۇ. نىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى بىھوش ياتقان يى. گىت كۆزىنى لاپپىدە بىر ئېچىپ، بۇ نامەلۇم قۇتقۇزغۇچىغا تىكىلىپ بىر قاراپتۇ ـ دە، يەنە ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. قا. بىل بۇ يىگىتنىڭ شاھانە تونىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يې. پىپ قويۇش ئۇچۇن شۇنداق بىر كۆتۈرگەنىكەن، تونىنىڭ ياق. چۇقىدىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ تىللالار شاراقلاپ يەرگە تۆكۈلۈپ چېچىلىپ كېتىپتۇ. قابىل يەرگە چېچىلىپ كەتكەن ئالتۇن ـ تىللالارنى يەردىن يىغىپ ئېلىۋاتقان پەيتتە، بايا ئاق پىل چېپىپ كەلگەن تەرەپتىن ئۇچ ئاتلىق ئادەم تاراسلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇچىلىسى تەڭلا ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۇ. شۇپتۇ. ئۇلار گاھ قابىلغا، گاھ يەردە بىھوش ياتقان ھېلىقى يىگىتكە قاراپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قابىلنىڭ قو. لىدىكى ئەمدىلا يەردىن تېرىۋالغان ئالتۇن ـ تىللالارغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا پارە ـ پارە قىلىنىپ كېسىپ تاشلانغان زەر ياقىلىق شاھانە تون ـ سەرپايلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ھەي يولۇچى، ئاۋۇ شاھانە تون ـ سەرپايلارنى بۇ يى. گىتنىڭ ئۇستىدىن سەن سالدۇردۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن بۇ تون ـ سەرپايلارنى نېمە بىلەن كېسىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە بىرى.

— قولۇڭدىكى ئالتۇن ـ تىللالارنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇچىنچىسى، لېكىن بۇ يەردە پىلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەچكە، پىل ھەققىدە بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز سوراشنى، ئۇ يىگىتنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن. لىكىنى سوراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ باقماپتۇ. قابىل بۇ

پەيتتە تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەم، سالماق تۇتۇپ، شەھەردە دانىشمەن بوۋايدىن يىگىرمە تەڭگىگە سېتىۋالغان: «يالغان گەپ قىلىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالغاندىن، راست گەپ قىلىپ دارغا ئېسىلغان ئەۋزەلدۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يادىغا ئاپتۇ ـ دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «ھەئە، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى مەن خەنجەر بىلەن كېسىپ سالدۇر-دۇم. ئۇنىڭ ماۋۇ ئالتۇن ـ تىللالىرىنى ئەمدىلا قولۇمغا ئې-لىپ تۇرسام، سىلەر يېتىپ كەلدىڭلار، بىراق مەن...» قابىل تېخى سۆزىنى تۈگەتمەستىنلا، ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق ئادەم بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالغاندىن كېيىن: «بولدى بەس ! چۈ-شىنىشلىك !» دەپلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قابىلغا تەڭلا ئې-سىلىپ ئۇنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋاپتۇ، ئاندىن ئاغزىغا پاختا تىقىپ، كۆزىنى تېڭىپ ئاتقا ئارتىپتۇ. بىھوش ياتقان ھېلىقى يىگىتنى ئاۋايلاپ ئاتقا ئېلىپ، كەلگەن تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. قابىلنىڭ كۆزى تېڭىلغان بولغاچقا، نەگە كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قولىقى ئېتىلمى-گەن بولغاچقا، ئۇ قانداقتۇر بىر يەرگە كىرگەندە ھېلىقى ئات-لىقلاردىن بىرىنىڭ: «ئى ئۇلۇغ، كەرەملىك پادىشاھىئالەم، جا-نابلىرىغا قۇتلۇق خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئىجازەت بەرگەيلا. ئەزىز مۆھتەرەم شاھزادە ئالىيلىرى شىكارغا چىققاندا، چۆل بۇلاق دېگەن مەنزىلگە بارغاندا، ئۇنى يولدا تۇسۇپ بىھوش قىلىپ قويۇپ، شاھانە تون ـ سەرپايلىرىنى، ھەمياندىكى ئالتۇن ـ تىللالىرىنى بۇلاپ ئالغان قاراقچىنى قولغا چۈشۈردۇق. بىز ئۈچ سادىق مۇلازىم نۆكەرلىرى جانابلىرىغا ۋە شاھزادە ئالىي-لىرىغا بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىك ۋە ھىماتلىق بۇرچى-مىز بىلەن ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، جان تىكىپ ئۇ قاراقچى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى نۇرغۇن خەتەرلىك ئېلى-

شىشلار ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىپ، ئەزىز شاھزادىمىزنى ئەـ
جەل قويىنىدىن ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇپ ئەكەلدۇق. ئەپـ
سۇسكى، ھىندى مەملىكىتى شاھىنىڭ بەرگەن سوۋغىتى،
سەلتەنەتلىك ئوردىمىزنىڭ ئەركىسى بولمىش ئاق پىلدىن ئىز ـ
دىرەك يوقتۇر. ئۇنى بىراۋ ئېلىپ قاچتىمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ
مېڭىسىدىن ساداق بىلەن روجەك ئاچتىمۇ، بۇ بىزگە قاراڭـ
غۇ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. يەنە ئۇـ
نىڭغا جاۋابەن بىر ئادەمنىڭ: «بارىكاللا، باتۇر نۆكەرلىرىم،
دۆلىتىڭلارنى زىيادە قىلغايمەن. ھوي خەزىنە بېگى، مۇنۇ ئۈچ
باتۇر نۆكەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەرـ
بىرىگە بىردىن تون كىيدۈرۈلسۇن! تۇتۇپ كېلىنگەن قاراقچى
زىندانغا تاشلىنىپ، كېيىن شاھزادە ساقايغاندا دارغا ئېسىلـ
سۇن! ئەزىز شاھزادە ئوغلۇم ئوردا تېۋىپلىرىنىڭ داۋالاپ
ساقايتىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلسۇن!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپـ
تۇ. قابىل ئىچىدە، بۇلار مېنى قاراقچى دەپ قاپتۇ، خەير،
مەن يالغان گەپ قىلمىدىم، دانىشمەن بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك
سۆزىگە ئەمەل قىلدىم. ئاخىر ئاقىۋەتلىك بولارمەن، دېگەنلەرنى
ئويلاپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. جاللاتلار بىردەمدىن
كېيىن قابىلنىڭ پۇتىغا ئىشكەل، بوينىغا تاقاق سېلىپ،
دارقىرىتىپ سۆرەپ زىندانغا تاشلاپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇـ
نىڭدىن بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز سورىماپتۇ.

بىز قابىلنى زىنداندا قويۇپ تۇرۇپ، ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ
ئاكىسى ھابىلدىن ئاڭلايلى:

ھابىل ئاچا يولدا ئىنىسى قابىلدىن ئايرىلغاندىن كېيىن،
ساق بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر قېلىن توغراقلىق جاڭگالغا
كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ جاڭگالدا بىرەرنەرسە ئۇچراپ قالارمىـ
كىن، دېگەن تەمە بىلەن كېتىپ بارسا، توغراقلىق جاڭگالنىڭ

ئىچىدە ماڭلىيىغا بىر تال ساداق ئوقى سانجىلىپ قالغان بىر ئاق پىلنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرەپ، ئۆز ئورنىدا ئوك - تەتۈر چۆرگىلەپ، يەرنى خارتۇمى بىلەن تۇرتۇپ، ئەتراپىغا شالىنى پۇركۇپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ پىلنىڭ يېنىغىمۇ بارالماي، ھەتتا پىلغا تىكىلىپمۇ قارىيالماي ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ئوقى بىلەن چۇشى ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىيالماي بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ قاچا - قاچا يەنە نۇرغۇن يول يۈرۈپ، ئاخىر بىر كاتتا ئاۋات شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەرگە كىرىپ تۆت ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، كوچىلاردا ئادەملەر مىغ - مىغ، رەستىلەردە رەڭگارەڭ ماللار ناھايىتى جىق ئىكەن. ھابىل رەستىلەرنى ئارىلاپ كېتىپ بارسا، بىر جاكارچى: «ئەيىۇھەنناس! ئاڭلاڭلار ئامۇخاس! ئۇلۇغ پادىشاھىمىزدىن يارلىق شۇلدۇركى، بىر ئاق پىل بار ئەردى، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئەزىز شاھزادىسى شىكارغا مىنىپ چىققان يەردىن غايىب بولۇپ كېتىپ، ھالا بۇگۇنگە قەدەر ئىز - دېرىكى يوق. كىملەركى ئول پىلنى تۇتقان ۋە ياكى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۆزىنى شاھىمىزغا مەلۇم قىلغاي، ئۇنداق پالۋانغا كەرەملىك شاھىمىز ئىنئام ۋە ياكى ئوردىدىن ئالىي مەنسەپ ئاتا قىلغاي، ئىنشائاللا...» دەپ جاكار قىلىپ كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى ئاڭلىغان ھابىلنىڭ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇ - دە، ئاشۇ جاڭگالدا چېكىسىگە ئوق سانجىلىپ جان تالىشىۋاتقان پىل بۇ چاغقىچە ئۆلگەندۇ. ئۇ پىلنى مەندىن ئۆزگە ھېچىم كۆرمىدى. شۇڭا، ئاشۇ ئاق پىلنىڭ قاق چېكىسىگە ساداقنى چەنلەپ ئېتىپ ئۆزۈم يالغۇز ئۆلتۈرگەن باھادىر پالۋان مانا مەن بولىمەن، دەپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ، پادىشاھتىن ئىنئام ئالمايمۇ؟ تېخى بۇ «باتۇرلۇق»، «خىزمىتىم» بەدىلىگە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن بىرەر ئەمەل - مەنسەپكە ئىگە بولۇپ قالسام،



ئەجەب ئەمەس، دېگەنلەرنى ئويلاپ، پادىشاھقا ئۆزىنى مەلۇم قىلماق بولۇپ، جاكارچىنىڭ ئارقىسىدىن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىز پىلنى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرگەن «ھابىل پالۋان»نى ئوردىغا يولغا سېلىپ قويۇپ، كەينىمىزگە يېنىپ، ئەمدى گەپنى بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئوردىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلايلى:

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر ئارزۇلۇق شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنى ئوردا باغچىسىدىكى ئاق پىلنى مىنىپ شىكارغا چىققانىكەن. بۇ پىل تېخى كۆندۈرۈلمىگەن بولغاچقا، شاھزادە مىنىپ شەھەر سىرتىغا چىققاندا ناھايىتى ئىتتىك چېپىپ، قابىل سۇ ئىچىپ، سايىداپ ئولتۇرغان ھېلىقى بۇلاق يېنىغا كەلگەندە، چىغ تۇۋىدىن چىققان ئاق توشقاننى «چاشقاننىڭ ئانىسى» دەپ ئۈركۈپ كېتىپ، شاھزادىنى يەرگە يىقىتىپ دەسسەپ - چەيلەشكە باشلىغانىكەن. ئەگەر قابىل پىلغا ساداق ئېتىپ ئۇنى قاچۇرمىغان بولسا، شاھزادىنىڭ

جېنىدىن ئايرىلىشى مۇقەررەر ئىكەن. لېكىن، پادىشاھ بۇنىڭ-دىن بىخەۋەر ئىكەن. ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق نۆكەر شاھزادىنى ۋە قابىلنى ئوردىغا ئاپارغاندىن كېيىن، پادىشاھ شاھزادىنىڭ تىنچ - ئامان، ھايات قالغانلىقىدىن، ئۇنى يولدا بۇلىغان «قاراقچى»نىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن زىيادە خۇشال بولسىمۇ، ئەمما ئوردىدىكى بىردىنبىر ئەتىۋارلىق ئاق پىلنىڭ دې-رەكسىز يوقالغانلىقىدىن كۆڭلى تولىمۇ غەش بولۇپ، بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا ۋە ئوردا مۇنەججىملىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، پىلنى ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان ۋە ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈ-ۋەتكەن گۇناھكارنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ، تۇتۇش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئەگەرچەندە ئۇلۇغ شانۇشەۋكەتلىك شاھىمىزغا ھىندى مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ھەدىيە قىلغان ئۇل ئاق پىل يوقى-لىپ كېتىدىغان بولسا، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بىر ۋەزىر، — ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ يەتتە ئىقلىمدىكى چەكسىز شانۇشەۋكىتى-نىڭ شۇ پىلغا ئوخشاش يوقىلىپ كېتىشىدىن بېشارەت بول-غاي، ۋەللاھۇئالەم.

— ھەق ! ھەق ! — دېيىشىپ باش لىڭشىتىشىپتۇ باش-قا ۋەزىرلەر.

— بەس ! — دەپتۇ پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ، — بۇ-گۈن بۇنىڭغا بىر ئىشەنچلىك چارە تېپىشالمايدىكەنسەن، ھەم-مىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن !

— قۇللۇق، قۇللۇق ! — دەپ سۆز باشلاپتۇ يەنە بىر ۋەزىر، — ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ شانۇشەۋكىتىنىڭ روشەن بەل-گىسى بولمىش ئۇل پىلنى تەپ تارتماستىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ شاھىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئويناشقان، يۈرىكى قاپ-تەك يوغىناپ كەتكەن جىنايەتكارنى ئېگىزلىكى يەتمىش گەز

كېلىدىغان مۇنار ياساپ، مۇناردىن تىرىك يەرگە تاشلاپ جېنى-نى ئېلىپ، شاھزادىمىزنىڭ ئەنتىنى ئېلىش كېرەك !

— بۇ تولىمۇ يېنىك جازا بولۇپ قالار، — دەپتۇ يەنە بىر ۋەزىر، — قاپتەك يۇرىكى بار ئۇل بەتبەختنى قەپەستىكى يولۋاس ياكى يىلپىزنىڭ ئاغزىغا تىرىك تاشلاپ بېرىپ، يىل-پىز ياكى يولۋاسقا يېگۈزۈپ، ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئويناشقان ھەممىۋا ئەھلى پۇقرالارغا كۈچلۈك ئىبرەت قىلغۇلۇق !...

— بۇمۇ ئازلىق قىلغۇسى، — دەپتۇ يەنە بىر ۋەزىر سا-قاللىرىنى لىكىلدىتىپ، غەزەپلەنگەن ئاھاڭدا، — تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، تا قىيامەت قايىم بولغۇچە دارغا مىخلاپ ئېسىپ قويغۇلۇق، مانا بۇ ئەڭ لايىقىدىكى جازا.

— تۈزۈمنى هارام يەيدىغان ئەقىلسىز كالۋالار، — دەپتۇ پادىشاھ تەختتىن چاچراپ تۇرۇپ ۋەزىر - ۋۇزرالارغا چالۋاقاپ، — مەن ھەرقايسىڭدىن ئوردىنىڭ ئاق پىلنى تۇ-تۇۋېلىپ خۇپىيانە ئۆلتۈرگەن ۋە ياكى يوشۇرۇۋالغان چوڭ گۇناھكارنى قانداق قىلىپ تۇتۇشنى سوراۋاتىمەن. ئۇنى تېخى قولغا چۈشۈرمەي تۇرۇپ قانداق جازالىشىسەن؟ !

ھەممىۋا ۋەزىر - ۋۇزرالار باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ، چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئوردا باش مۇنەججى-مى سۆز ئېلىپ:

— ئى ئۇلۇغ، دانا پادىشاھىئالەم، مەن بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي. ئۇل پىلنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ھىيلە - مىكىر بىلەن قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، يەنى پادىشاھلىقىمىز تەۋە-سىدە كىمكى بىر ئاق پىلنى تۇتالىغان ۋە ياكى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ باھادىر - پالۋانغا ئۇلۇغ شاھىمىز تۈگىمەس - پۈتمەس ئىنئام بەرگەي ۋە ياكى ئوردىدىن ئالىي مەنسەپ ئاتا

قىلغاي، دەپ جاكار قىلساق، ئۇنداق ئادەم ئۆزلۈكىدىن ئالىي-
لىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەي. بۇنىڭدىن ئۆزگە چارە بىلەن ئول
گۇناھكارنى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، — دەپ مەس-
لىھەت كۆرسىتىپتۇ.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا تولىمۇ يېقىپتۇ ۋە دەرھال
شۇنداق جاكار قىلىشقا جاكارچى چىقىرىپتۇ. ئوردىدا يۇقىرى-
قى مەسلىھەت بولۇپ ئەتىسى پادىشاھ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كې-
تىپتۇ. پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا شاھزادىنى شاھلىق
تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا ھەممە ۋەزىر - ۋۇزرالار بىرلىككە
كەپتۇ. ئوردا تېۋىپلىرىمۇ شاھزادىنىڭ جاراھىتىنىڭ ساقىي-
يىپ، سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەختتە ئولتۇرۇشقا
تامامەن مۇمكىنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپتۇ.

شاھزادە شاھلىق تەختكە چىقىپ، تاج كىيىش مۇراسى-
مى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى، زىندان بېگى شاھزادىنىڭ ئالدىغا
كىرىپ:

— ئى مەرھەمەتلىك ئەزىز شاھزادەم، جانابلىرىغا يېتىپ
مەلۇم بولغايكى، سىلى بۇنىڭدىن ساقمۇساق ئۈچ ئاي مۇقەد-
دەم ئوردىنىڭ ئاق پېلىنى مىنىپ شىكارغا چىققان كۈنى جا-
نابلىرىنىڭ ئەزىز جېنىغا قەست ئەيلەپ، شاھانە تون - سەر-
پايلىرىنى خەنجەر بىلەن كېسىپ سالدۇرۇپ، ھەميانلىرىدىكى
ئالتۇن - تىللالارنى بۇلىۋالغان قاراقچىنى تۇتۇپ كەلگەندىن
كېيىن، ئاتىلىرى بولمىش مەرھۇم شاھىمىز ئول گۇناھكارغا
دارغا ئېسىش جازاسى بېرىشنى ھۆكۈم قىلغانىدى. بېرىلگەن
مۆھلەت دەل بۈگۈن توشتى. باتۇر نۆكەرلىرىمىزنىڭ ئايىپال-
تىسى قانسىرىدى. مەزكۇر گۇناھكارنى بۈگۈن دارغا ئاسساق،
ئىجازەت بەرگەيلا ھەمدە نۆكەرلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقىنى بۇ-
گۈنكى جازا مەيدانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئۆز كۆزلىرى

بىلەن تاماشا قىلغايلا، ــ دەپتۇ.

شاھزادە زىندان بېگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئوردىنىڭ ئاق پىلىنى مىنىپ شىكارغا چىققانلىقى، يولدا سادىر بولغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر خۇددى چۈشتەك بىر ـ بىرلەپ ئايان بولۇشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئاشۇ ۋەقەلەرنى يادىغا ئېلىپ خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بوپتۇ ـ دە، دەرھال زىندان بېگىگە: «سىلەر دېگەن ئاشۇ گۇناھكارنى ھۇزۇرۇمغا ھازىر قىلىڭلار !» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. زىندان بېگى «خوپ» دەپ قابىلنى زىنداندىن ئاچىقىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ھازىر قىپتۇ.

شاھزادە قابىلنىڭ كۆزىگە بىر قاراپلا، ئاشۇ كۈنى چۆل بۇلاقتا ئۆزىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ جېنىغا جان قوشقۇچى بۇ شەپقەتچىنى دەرھال تونۇپتۇ. يىگىتنىڭ ئەڭ خەۋپلىك پەيتتە ۋەھشىيلەشكەن پىلغا ئوق ئۈزۈپ پىلنى قاچۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ سولىشىپ قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ھاياتلىق يىلتىزىنى قايتا ياشارتقانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، تەختتىن چۈشۈپ قابىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەلنى، بويىنىدىكى تاقاقنى ئۆز قولى بىلەن بوشىتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پۇتۇن ئوردا ئەھلىگە: «سىلەر گۇناھكار، قاراقچى، دەپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگەن بۇ يىگىت دەل مېنىڭ ھاياتىمنى پىلنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتقۇزغان شەپقەتچىم بولىدۇ. بۇ يىگىتنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى مەن ئۆلگۈچە ياندۇرالمايمەن...» دەپ ئۇنى ئالتۇندىن ياسالغان شاھلىق تەختكە چىقىرىپ، شۇ سائەتتىن باشلاپ قابىلنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىر بولىدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلاپ-

تۇ. بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن ئوردا ئەھلى بۇ يېڭى پادىشاھقا زى-
يادە ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشۈپ، ئۇنى قىزغىن مۇبارەك-
لەپتۇ. ئوردا شائىرلىرى ئۇنىڭ شەنىگە تۈگمەس مەدھىيە
ياغدۇرۇپتۇ.

قابىل پادىشاھ بولۇپ ئەتىسى تەختتە ئولتۇرسا، ئوردا
ھۇدەيچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئۇلۇغ، مەرھەمەتلىك شاھىمىزغا مەلۇم بولسۇنكى،
ھىندى مەملىكتى پادىشاھىنىڭ سوۋغىتى، ئوردىمىزنىڭ
ئەركىسى بولمىش ئاق پىلنى ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ قەتل
قىلغۇچى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلىپ، جانابلىرىدىن تې-
خى «ئالىي ئىنئام» ئالغىلى كەلدى. ۋەزىرلەر كېڭشىنىڭ



ئىلگىرىكى قارارىدا ئوردىنىڭ غايىب بولغان ئاق پىلىغا تەپ تارتماستىن چېقىلغۇچى ۋە ياكى قەتل قىلغۇچىغا دارغا ئې-سىش جازاسى بېرىش بېكىتىلگەن. ئەمر قىلغايلا، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قابىل: «ئوردىغا ئەكىرىلسۇن !» دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار هابىلنى چەمبەرچاس باغلاپ، پۇتىغا ئىشكەل، بوينىغا تاقاق سېلىپ پادشاھ قابىلنىڭ ئالدىغا هەيدەپ كى-رىپتۇ. هابىل چىرايى تاتارغان هالدا ئوردىغا كىرىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، تەختتە ئۆز ئىنىسى قابىل ئولتۇر-غۇدەك. قابىلمۇ ئۆز ئاكىسىنىڭ بۇنداق كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ هەيران قاپتۇ ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، جاللاتلارغا: «بو-شىتىڭلار !» دەپ ئەمر قىپتۇ. ئاڭغىچە ئوڭ قول ۋەزىر بول-غان شاھزادىمۇ بۇ ئىشنىڭ ناهەق بولۇپ قالغانلىقىنى بى-لىپ، ئۆز قولى بىلەن هابىلنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەل، بوينى-دىكى تاقاقنى بوشىتىپتۇ ھەمدە پۈتۈن ئوردا ئەھلىگە ئاق پىلنى ساداق بىلەن ئېتىپ هاياتىنى قۇتقۇزغان دەل يېڭى پا-دىشاھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، بۇ كىشىنىڭ: «پىلنى ئۆزۈم ئېتىپ ئۆلتۈردۇم» دېگەن سۆزىنىڭ قانداقتۇر ئىنئام ۋە ئە-مەل ـ مەنسەپكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلغان يالغان سۆز ئى-كەنلىكىنى جاكارلاپتۇ.

بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن هابىل ئىنىسى قابىلنىڭ شەھەردە يىگىرمە تەڭگىگە ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالغانلىقىنىڭ ھەقىقە-تەن دۇرۇس بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خاتا قىلغانلى-قىنى چۈشىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ.

قابىل پادشاھ بولغاندىن كېيىن ناهەق ئىشلارنى ئوڭ-شاپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئاۋات، ئەل كۆڭلىنى شاد قىلىۋېتىپتۇ.

# ياماقچى بىلەن پادىشاھ

بۇرۇن ئەمەس، بۇگۈن، ھە راست، تۈنۈگۈن، مەن بوۋامدەك چاغدا، بوۋام مەندەك چاغدا، يىراق بىر يەردە، مۇشۇ شەھەردە سەكسەندىن ئاشقان، توقسانغا ياندىشقان، بېلى ئېگىلگەن، پوتىسى چىگىلگەن تۇرسۇن ئىسىملىك ياماقچى بولغانىكەن. بۇ ياماقچى خەلقنىڭ يىرتىلغان مەسە، كالاچ، ئۆتۈك، پوپۇچلىرىنى ياماپ جان باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۈچ داچەن تاپىدىكەن. بىر داچەنگە نان، بىر داچەنگە چىراغ يېغى، بىر داچەنگە ھاراق ئېلىپ، ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ ياشايدىكەن.

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى، مېنىڭ ئۈستۈمدىن كىم غەيۋەت قىلىدىكىن، دەپ گۇمانلىنىپ، ھەر كۈنى كەچتە دىۋانە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، كوچا ـ كوچىلاردا يۈرۈپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكتىن مارايدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ ئادىتى بويىچە كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرگىنىدە، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ پەنجىرىسىدىن چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارايتۇ. ياماقچى ئويۇقتىن ياڭاق شاكىلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارا ھېجىردىكى ھاراقتىن قۇيۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، تۆت ـ بەش قېتىم ئىچىپتۇ، ئاندىن كېيىن قوزۇقتىن تەمبۇرنى ئېلىپ:

دەردى يوق موزدۇز دېمە،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پادىشاھنىڭ شەھىرىدە
نەگە بارساڭ بار زۇلۇم.

دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ غەزىپىنى بېسىپ، زادى بۇ قانداق ئادەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر گەپلىشىپ باقاي، دەپ ياماقچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ياماقچى:

— كىمسەن؟ — دەپ، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقىپتۇ. دىۋانە قىياپەتلىك پادىشاھ:



— مەن بىر مۇساپىر دىۋانە. خۇدانىڭ ھەققىدە بۈگۈن بىر كېچە ئۆيىڭىزدە قونۇپ كەتسەم، — دەپتۇ. ياماقچى:

— قوندۇرسام قوندۇراي، ئەمما مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا زادى ئارىلاشمايسەن، «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سورىمايسەن، گەپ قىلماستىن شۈك ئولتۇرىسەن

ياكى ئۆيقۇڭنى ئۇخلايسەن، مۇشۇ شەرتكە كۆنسەڭ قونغىن، — دەپتۇ.

«دىۋانە» ماقۇل بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ.

ياماقچى بىر «ئۇھ» تارتىپ، قارا ھىجىردىن ياغاچ شاكىلىغا ھاراقنى قۇيۇپ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، تەمبۇرنى ئېلىپ، مۇڭلۇق ئاھاڭغا چېلىپ، مۇنۇ قوشاقنى توقۇپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇپ، يىغلاپ كېتىپتۇ:

بۇ زاماندا پادىشاھنىڭ
ئالۋىنى ئېغىر بولدى.
قات ـ قات تېگىپ قامچىلار
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چىدىيالماستىن:

— ۋاي بىچارە ئاكا، قانچىلىك دەردىڭىز بار؟ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئاچچىقلاپ:

سورىما سوراق،
ئىچكىنىم ھاراق،
چالغىنىم تەمبۇر،
جىم ئولتۇر ئۆلگۈر!

دەپتۇ. پادىشاھ شوك بولۇپ قاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى چېلىپ:

كۇندە تاپتىم ئۈچ داچەن
گىردە، چىراغ، شارابقا.
ئىشتىنىمدىم بىر داچەن،
گۆش - ياغ نەدە قورساققا؟

دەپتۇ. پادىشاھ يەنە چىدىيالماي:
— ۋاي بىچارە ئاكا، نېمە تىجارەت قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

تىجارىتىم موزدۇزلۇق،
ياماپمەن ئۆتۈك، پوپۇچ.
تاشتىن قاتتىق يوقسۇزلۇق،
ھېچ بولمىدى كۆڭلۈم خۇش.

دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىچىدە كۈلۈپ، ئاغزىدا كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، مۇنداق دەپتۇ:
— ۋاي ھاراقكەش ياماقچى، كۆرگەن كۈنۈڭگە شۈكۈر دې-سەڭ بولمامدۇ؟ ئەگەر سېنىڭ مۇشۇ قوشاقلىرىڭنى پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ، ئەتىدىن باشلاپ: «ھېچكىم ياماق ياماتمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۆتۈك، پوپۇچىنى ئۆزى ياماپ كىيسۇن» دەپ جاكارلىسا، قانداق قىلىسەن؟
ياماقچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ھاراق ئالغان قارا ھېجى-رىنى «دىۋانە»نىڭ بېشىغا ئېتىپ:
— ھەي شۇم ئېغىز دىۋانە، ئۆيۈمدىن چىق ! — دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.
پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ، ئەتىسى: «ھېچكىم باشقىلارغا ياماق ياماتمايدۇ ھەم ھېچكىم باشقىلارنىڭ يامىقىنىمۇ يامى-

مايدۇ. پەرمانغا بويسۇنماي، ياماق ياماتقان ياكى ياماق يامىغانلار جازاغا تارتىلىدۇ!» دەپ جاكارلاپ، ياساۋۇل - قاراۋۇللىرى ئارقىلىق كوچا - كوچىغا تارقىتىپتۇ. خەلقلەر بۇ پەرمانغا ھەيران قېلىشىپ، ئىچىدە پادىشاھنى تىللىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇل - قاراۋۇللىرى بىر كوچىغا كەلسە، ھېلىقى ياماقچى ياماقچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياساۋۇللار:

— سەن پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟! — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ، ياماقچىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تېپىپ - چېقىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

بىچارە ياماقچى يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. بىر ئوقەت قىلمىسام، قورساق ئاچ قالىدۇ، دەپ بۇرەندىسىنى[1] ئېلىپ سەھراغا چىقىپ، ئادراسمان ئورۇپ بازارغا ئەكېلىپ سېتىپ، يەنە نان، چىراغ يېغى، ھاراق ئېلىپ، ئاخشىمى ھاراقنى ئىچىپ، تەمبۇر چېلىپ قوشاق قوشۇپ ئولتۇرسا، ھېلىقى پادىشاھ باشقا بىر دىۋانىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— كىمسەن؟ — دەپ ئىشىككە چىقىپ قارىسا، بىر غېرىب بىچارە تۇرغۇدەك. «دىۋانە» تۇرسۇننى كۆرۈشى بىلەن:

— جېنىم بۇرادەر، بۈگۈن بىر ئاخشام قونۇپ، ئەتە سەھەردە كەتسەم... — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— مەن ئادەم قوندۇرمايمەن. ئاخشام بىر دىۋانە كېلىپ ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ، شۇملۇق قىلدى. نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بار! — دەپتۇ. «دىۋانە»:

— بايلار: «پېتىلىق گاداي» دەپ يولاتمىسا، ئۆزۈمگە ئوخشاش گادايغۇ، دەپ سىزنىڭكىگە كەلسەم ، سىزمۇ قوغلىساڭىز، قانداق قىلارمەن ئەمدى؟ بۇ پادىشاھنىڭ شەھرىدە كۈن

① بۇرەندە — موزدوزلارنىڭ چەم كېسىدىغان ئەسۋابى.

ئالماق تەس بولدى، ــ دەپ يالغاندىن يىغلاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئىچى ئاغرىپ:

ــ بولدى، يىغلىما، ئەمما ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا ئارىلاشما، جىم يېتىپ، ئەتە كەت، ــ دەپ، ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ، كېيىن تەمبۇرنى ئېلىپ مۇڭلۇق مۇقامغا يەنە چېلىشقا باشلاپتۇ:

ئاتام ئۆتكەن بۇ شەرىڭدە،
ئانام ئۆتكەن بۇ شەرىڭدە.
يورۇق كۈن بولارمىكىن،
زالىم شاھ، بۇ دەردىڭدە؟

دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چىدىيالماي:

ــ ۋاي بىچارە ئاكا، نېمە ئوقەت قىلىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. تۇرسۇن:

سورىما سوراق،
ئىچكىنىم هاراق،
چالغىنىم تەمبۇر،
جىم ئولتۇر ئۆلگۈر.

دەپتۇ. پادىشاھ بىردەم شۈك ئولتۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى تېخىمۇ مۇڭلۇق پەدىگە چېلىپ، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

موزدۇزلۇق قىلىۋىدىم،
ئاچ قېلىپ تاياق يېدىم.

بۇرەندىنى ئورغاق قىپ،
ئادراسمان ئوراي دېدىم.

ئاران تاپتىم ئۈچ داچەن،
گىردە، چىراغ، شارابقا.
بۇ ھۈنەرنى توسسا شاھ،
ئەمدى كېتەي يىراققا.

بۇنى ئاڭلىغان «دىۋانە»:

— پادىشاھ ئەتە: «ھېچكىم ئادراسمان ساتمايدۇ» دەپ جاكارلىسا، قانداق قىلىسىز؟ ئۇنداق ناشۇكۇرلۇك قىلماڭ، — دەپتىكەن، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ:

— يوقال، شۇم ئېغىز قەلەندەر! تۈنۈگۈن بىرىڭ موزدۇزلۇق تىجارىتىمدىن ئايرىدىڭ، بۈگۈن سەن كېلىپ بۇ ھۈنىرىمدىن ئايراي دەمسەن؟ — دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى: «ھېچكىم ئادراسمان ساتمايدۇ، ئادراسمانمۇ ئالمايدۇ» دەپ جاكار قىلىپ، ياساۋۇل - قاراۋۇللىرىنى يەنە كوچا - كوچىغا چىقىرىپتۇ.

بىر ياساۋۇل كوچىدا كېتىۋاتسا، تۇرسۇن ياماقچى: «ئادراسمان، ئادراسمان، ئاغرىققا شىپا، ئاجىزغا دەرمان» دەپ ۋارقىراپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ياساۋۇل يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئادراسماننى تارتىۋېلىپ ھەيدىۋېتىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە كېلىپ، ئىككى سوغىسىنى ئېلىپ بىر ئاشپۇزۇلغا سۇ توشۇپ، توققۇز داچەن تېپىپتۇ. ئۈچ داچەنگە نان، ئىككى داچەنگە چىراغ يېغى، تۆت داچەنگە هاراق ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ.

كېچىسى پادىشاھ باشقا بىر دىۋانىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ

يەنە تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، بىراق پادىشاھ بۇگۇن سەل كېچىكىپ قاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى بولسا، هاراقنى ئىدـ چىپ بولۇپ، شىركەيپ ئولتۇرغانىكەن. پادىشاھ:

— بارىدىغان يېرىم يوق، بىر كېچە ئۆيىڭىزدە قونۇپ كەتسەم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئۇنىماپتۇ. كېـ يىن «دىۋانە» يىغلاپ:

— كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى ئەمەسمۇ، — دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياماقچى: «خەير، بوپتۇ» دەپ، ئۇنى ئۆـ يىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۆزى بولسا، ئادىتى بويىچە تەمبۇرىنى ئېلىپ:

بۇگۇن هاۋا تۇتۇلۇپ،
باشلىدى قار ياغقىلى.
نېمىشقىمۇ تۆرەلدىم
هەممە دەردنى تارتقىلى.

ئادالەتسىز پادىشاھنىڭ
تولا تارتتىم دەردىنى.
ئادراسمان ساتاي دېسەم،
چېچىۋەتتى بارىنى.

تۆشۈك سوغامنى ياماپ،
سۇ ئەكەپ ساتتىم بۇگۇن.
ئادالەتسىز پادىشاھنى
قوشاققا قاتتىم بۇگۇن.

دەپ قوشاق قېتىپ يىغلاپتۇ. پادىشاھ چىداپ ئولتۇرالماپتۇ، سوراي دېسە، ئۇرارمىكىن دەپ قورقۇپتۇ، ئاخىر:

— ۋاي جېنىم ئاكا، ئەتە پادىشاھ: «ھېچكىم سۇچىلىق
قىلمىسۇن» دەپ جاكار قىلسا، قانداق قىلارسىز؟ — دەپتۇ.
تۇرسۇن ياماقچىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ - دە:
— قوپ، شۇم ئېغىز، يوقال بۇ يەردىن ! — دەپ، ئەپ-
كەش بىلەن ئۇرۇپ - سۇرۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
ئەتىسى تۇرسۇن ياماقچى سوغىسىنى كۆتۈرۈپ ئاشپۇزۇل-
مۇئاشپۇزۇل يۈرۈپ سۇ ساتالماپتۇ، چۈنكى پادىشاھنىڭ ئەمرى
بويىچە ھېچكىم سۇ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. تۇرسۇن يا-
ماقچى يىغلاپ - قاقشاپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندىن كېيىن،
ئەمدى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ھالىمنى ئېيتاي، ھالىمغا
يەتسە يېتەر، يەتمىسە باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ئوردىغا
مېڭىپتۇ.



ئوردىنىڭ ئال-
دىغا بېرىپ: «كى-
رەيمۇ، كىرمەيمۇ»
دەپ ئىككىلىنىپ
تۇرسا، سېمىز
ئارغىماقنى مىنگەن
بىر باي كەپتۇ، بۇ
باي يىراق جايدىن
كەلگەنىكەن. باي
ئاتتىن چۈشۈپلا
ئوردىنىڭ ئالدىغا
كىچىك تەرەت قى-
لىپ قويۇپتۇ. بۇنى
كۆرگەن تۇرسۇن
ياماقچى: «بۇ باينىڭ

بىر جاجىسىنى بېرەي» دەپتۇ ـ دە، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— سەن يەر تېپىلمىغاندەك ئوردىنىڭ ئالدىغا تەرەت قىلامسەن؟! بۇ پادىشاھقا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟! يۈر، ئوردىغا! — دەپ سۆرەپتۇ. باي قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي بەزگەكتەك تىترەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ:

— ۋاي جېنىم ئاكا، ئۇقماپتىمەن، توۋا قىلدىم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— ياق، مەن زادى سېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ:

— جېنىم بۇرادەر، مۇشۇ ئېتىمنى بېرەي، بىر نۆۋەت گۇناھىمدىن ئۆتكىن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— ياق، مەن ئېتىڭنى ئېلىپ ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەنمۇ؟! — دەپ ئۇنىماپتۇ.

باي يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ، يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم تىللانى ئېلىپ ئات بىلەن قوشۇپ بېرىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئات بىلەن تىللانى ئېلىپ كېتىپتۇ. بايمۇ قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

تۇرسۇن بازارغا بېرىپ ئاتنى سېتىپ، كىگىز ـ گىلەم، چىنە ـ چەينەك، گۆش ـ ياغ، مەي ئاپتۇ. بۇگۈن ئۇ كۈندىكىدىن زىيادە كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرسا، پادىشاھ باشقا بىر دىۋانىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ يەنە كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئۆيىدە كۈندىكىدەك غۇربەتچىلىك يوق، بەلكى مولچىلىق بولۇپ كەتكەن. پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ، بۇنىڭ تېگىدە بىر سىر بار، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىر بۇلۇڭغا كىرىپ جىم ئولتۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى ئېلىپ:

ئادالەتسىز پادىشاھ
ھېچبىر ئوقەت قىلدۇرماي.
باينى بابلىدى تۇرسۇن،
ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي.

دەپ قوشاق ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ كېچە گەپ قىلماي جىم يېتىپتۇ، ئەتىسى ئوردىغا بېرىپلا ياساۋۇللىرىغا تۇرسۇن ياماقچىنى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ. ئىككى ياساۋۇل تۇرسۇن ياماقچىنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەي بوۋاي، سەن قىزىق ئادەم ئىكەنسەن، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئوردىنىڭ ئالدىغا تەرەت قىلغان باينى بابلاپ، ئېتى بىلەن پۇلىنى ئاپسەن. شۇ قىلغان خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆزۈمگە جاللات قىلىۋالىمەن، — دەپتۇ ۋە ياماقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان بىر مەھبۇسنى ئاچقىپ، — مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنمىغان مۇشۇ گۇناھكارنى كۆز ئالدىمدا ئۆلتۈرگىن ! — دەپتۇ.

بۇ گۇناھكار تۇرسۇن ياماقچىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن. پادىشاھنىڭ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىنىغا غەزەپلەنگەن تۇرسۇن ياماقچى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، نېمە بولسام بولاي، بۇ قانخورنىڭ بىر ئەدىپىنى بېرەي، دەپتۇ - دە، تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن تويغان خەلق خۇش بولۇپ، تۇرسۇن ياماقچىنى پادىشاھ قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرتتا ئادالەت ئورناپتۇ.

# سېھىرلىك ئالما

بۇرۇن بۇرۇندا، تېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بولۇڭدا، ئوچاق كۇلۇڭدا بولغان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەرگە يىراق يېزىنىڭ چېتىدە بىر يېتىم بالا بولغانىكەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا قانچە ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويغۇدەك غىزا، ئۇچىسى ئىسسىغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمەپتۇ، ئاخىر، كونىلار: «يەردىن يەرگە سا-ئەت» دەپتىكەن، مەنمۇ بۇ يۇرتتىن باشقا يۇرتلارغا يۆتكىلىپ باقاي، دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، باشقا يۇرتقا قاراپ مېڭىپتۇ.

يېتىم بالا ئۇندا ئىشلەپ، بۇندا كەچلەپ دېگەندەك، يۇرت ئارىلاپتۇ، لېكىن ھەممە يەردە «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» بول-غاچقا، بارغان يېرىنىڭ ھېچبىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەپتۇ. شۇڭا، ئۇ سەپىرىنى توختاتماي داۋام قىلىۋېرىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىپ، سۇ ئى-چىپتۇ. كۈمۈشتەك سۈزۈك، ھەسەلدەك شېرىن بۇ سۇ يىگىت-نىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، ئۆزىنى سەگىتكەندىن كېيىن، بېلىدىكى پوچۇق نانىنى ئېلىپ سۇغا چىلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا سۇدىن يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر ئالما ئېقىپ كەپتۇ. يىگىت ئۇنى ئاپتۇ، قارىسا، چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان ئالما. يىگىت كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئال-

منى يەپ قويۇپتۇ، كېيىن قولىنى چايقاپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئالمىمۇ ماڭا ئوخشاش بىر بىچارە غېرىبنىڭ ئاران تاپقان ئوزۇقى بولغىيدى، ئۇ بۇنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى نەلەردە قاقشاپ يۈرگەندۇ؟ مەن ئالمىنى ئەجەب ئويلىماي يەپ قويۇپتىمەن، ھېلىھەم ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىپ، ئالمىنىڭ ئىگىسىنى تاپاي - دە، ئالمىنى يەپ قويغانلىقىمنى ئېيتىپ، رازىلىقىنى ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىق يالىلاپ ئالما ئېقىپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا، قىرلاردىن ئېشىپتۇ، بەل - پۈتى تېلىپتۇ، لېكىن ئارام ئالماي ئاخىر ئېرىقنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ، قارىسا، بۇ ئېرىق چوڭ بىر باغنىڭ شورىسىغا بېرىپ تاقىلىپتۇ. يىگىت باغنى ئايلىنىپ قارىسا، يېقىن ئەتراپتا بۇ باغدىن باشقا ھېچنېمە يوق. يىگىت، مەن يېگەن ئالما مۇشۇ باغنىڭ ئالمىسى بولسا كېرەك، باغقا كىرىپ باغۋەننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كېتەي، دېگەن نىيەتكە كېلىپ، باغنىڭ ئىشىكىگە قەدەم بېسىپتۇ، باغقا كىرىپ قارىسا، ساقىلى سۈتتەك ئاقارغان، مەڭزى ئالمىدەك قىزىل، ئوتتۇرا بوي بىر دېھقان قولىدىكى كەتمىنىنى ئېرىقتا چايقاپ تۇرغۇدەك. يىگىت ئاقساقال كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. سالامنى ئىلىك ئالغان دېھقان:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپتۇ ۋە بالىغا سىنچىلاپ قاراپ چىدىقىپتۇ.

يىگىت ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىرقۇر بايان قىلىپ كېلىپ، ئالمىنى ئېرىقتىن سۈزۈۋېلىپ يەپ قويغاندىن كېيىنكى پۇشايمىنىنى ۋە ئالمىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن كۈن بويى يول مېڭىپ بۇ تەرەپكە كەلگىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بالىنىڭ گېپىنى قىزىقىپ ئاڭلىغان دېھقان

يىگىتنىڭ ساپ كۆڭلىگە قايىل بولۇپ، بۇ يىگىتنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالماقچى بوپتۇ ۋە بۇ مەقسەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئويلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، بۇ گېپىڭنى ئاڭلىغان باغۋەن سېنىڭدىن رازى بولماي تۇرالمىدۇ ! بىراق، ئالىمنى پەرۋىش قىلغان ئادەم ئۈچۈن بۇ سۆز كۇپايە قىلمايدۇ.

— ئەگەر ئۇ كىشى مېنىڭ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مەندىن قانداق ئىش تەلەپ قىلسا، شۇنى قىلىپ بېرىپ، رازىلىقىنى ئېلىشقا تەييارمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بەللى، ئوغلۇم، مۇرادىڭغا يەت ! — دەپتۇ دېھقان، — سەن سۇدىن سۈزۈۋېلىپ يېگەن ئالما ئەسلىدە مېنىڭ يالغۇز قىزىمنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆستۈرۈلگەن ئالما ئىدى. مېنىڭ ئۇ قىزىمنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، كۆزى كۆرمەس، بېشى تاز بولغانلىقى ئۈچۈن، باغنىڭ مېۋىسىنى ئۆ-



زوم ئاپىرىپ بېرەتتىم. بۈگۈن سەن يېگەن ئالما ئەسلىدە شۇ قىزىمغا ئاتاپ خىللاپ ئۈزۈلگەنىدى. مەن ئۇنى ئېلىپ ئېرىق-تىن ئاتلىغاندا، ئالما قولۇمدىن سۇغا چۈشۈپ كەتتى، قولۇم-نى بوشىتىپ تۇتقۇچە ئالما سۇدا ئېقىپ كەتتى. گېپىڭگە قارىغاندا، ئۇ ئالما ساڭا نېسىپ بوپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ بايىلا رازى بولغانىدىم، بىراق نېسىۋىنىڭ ئىگىسى بولغان قىزىم تېخى بۇ گەپنى ئاڭلىمىدى. مەن قىزىمغا سىنىڭ ئىلتىما-سىڭنى ئېيتاي، سېنىڭ شۇنچىلىك يولنى رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن بېسىپ كەلگىنىڭنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ رازىلىق بېرەر...

دېھقان سۆزىنى شۇ يەردە تاماملاپ ئۆيىگە كىرىپ كې-تىپتۇ. خېلىدىن كېيىن چىقىپ، يىگىتكە:

— قىزىم: «شۇ يىگىت ئېغىر كۆرمىسە، مېنى ئۆز نى-كاھىغا ئېلىپ، باغنى بىر ئايلاندۇرسا رازى بولاي» دېدى، — دەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز نى-كاھىغا ئېلىپ، باغنى ئايلاندۇرۇشقا رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان بالىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرىنى يىغىپ، توي قىلىپ قىزىنى بېرىپتۇ. نىكاھتىن كېيىن يىگىت قىز بار ئۆيگە كىرسە، ئۆينىڭ تۆرىدە ئايدىن چىرايلىق، كۈندىن نۇرلۇق، پەرىزاتتەك بىر قىز ئولتۇرغۇ-دەك. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرگەن يىگىت، مەن ئېزىپ قېلىپ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، ئارقىسىغا يېنىپتىكەن، قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— كېچىدە مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە بارىسىز؟ — دەپ-تۇ. خىجالەتچىلىكتە قالغان يىگىت يەردىن ئۈستۈن قارىد-ماي تۇرۇپ:

— ئۆز ئۆيۈمگە، — دەپتۇ.

— ئۆز ئۆيىڭىز مۇشۇ، — دەپتۇ قىز، — مەن سىزنىڭ نىكاھلاپ ئالغان جۇپتىڭىز.

— سىز راستتىنلا دېھقاننىڭ قىزىمۇ؟ — دەپتۇ يىگىت كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا قىزغا قاراپ.

— ھە...ئە، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، دادىڭىز يالغانچىكەن، مېنى ئالداپتۇ، — دەپتۇ يىگىت.

— دادام سىزنى نېمىدەپ ئالدىدى؟ — دەپتۇ قىز.

— قىزىمنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، كۆزى كۆرمەس، بېشى تاز دېگىنى ئالدىغىنى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ يىگىت قىزغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

— دادامنىڭ ئۇ گېپى سىزنى ئالدىغانلىقى ئەمەس، ئۇ سۆزدە سىر بار، — دەپتۇ قىز.

— مەن بۇ گەپتىن ھېچنېمە چۈشىنەلمىدىم، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇ سىر مېنىڭ ئىشىمغا تالىق، — دەپتۇ قىز، — دادامنىڭ مېنى تاز دېگىنى — بېشى بوش دېگىنى؛ كۆزى كۆرمەس دېگىنى — نامەھرەمنى كۆرمىدى دېگىنى؛ قولى تۇتماس دېگىنى — باشقىلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتمىدى دېگىنى؛ پۇتى باسماس دېگىنى — يامان يولغا ماڭمىغان دېگىنى.

يىگىت قىزنىڭ كۆڭلىنىڭ ساپلىقىغا، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، دېھقان بوۋاينىڭ ئەقلىگە ھەيران بولۇپ، قالغان ئۆمرىنى شۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ.

# ئاق كۆڭۈل دېھقان

ئۆتكەن زاماندا ناھايىتى ئادىل بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئۇ خەلقىنىڭ يىغىنچىلىك مۈلكىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇ پادىشاھنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، شۇ ئەلدە ياشاۋاتقان بىر كىشى باشقا ھۈنەر قىلالماقچى بولۇپ، بىر پارچە يېرىنى دېھقان قوشنىسىغا سېتىپتۇ. ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا يەر سېتىۋال-غۇچى دېھقان قوش ھەيدەشكە كىرىشىپتۇ. چۈش مەزگىللىرى-گە كەلگەندە، قوشنىڭ چىشى بىرنەرسىگە تاقىلىپ قاپتۇ. دېھقان قارىغۇدەك بولسا، بىر كېسەك چىقىپتۇ، كېسەكمۇ شۇنداق قاتتىق بولارمۇ، دەپ يەرگە بىر ئۇرسا، ئۈستىدىن لاي ۋە توپىلار ئۆۋۈلۈپ چۈشۈپ، ئىچىدىن كۆزنى چېقىپ تۇرىدى-غان بىر كېسەك ئالتۇن چىقىپتۇ. دېھقان شۇ يەردىلا ئۆيلىرىنى قوشتىن چىقىرىپ، ھېلىقى يەر ساتقان كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ:

— سېنىڭ ساتقان يېرىڭنى بۈگۈن ھەيدەۋاتقىنىمدا بىر كېسەك ئالتۇن چىقتى، بۇ يەر ئەسلى سېنىڭ بولغىنى ئۈ-چۈن ئالتۇننى ساڭا ئەكەلدىم، — دەپ، ئالتۇننى يەر ساتقۇ-چىغا ئۇزىتىپتۇ. يەر ساتقۇچى ئادەم ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ:

— ئۇ يەر مەندە نەچچە يىللاپ تۇردى، مەنمۇ شۇ يەرنى

نەچچە ئون قېتىملاپ ھەيدىدىم، لېكىن بۇ ئالتۇن ماڭا يو-لۇقمىغان، مەن يەرنى ساتقاندىن كېيىن ساڭا يولۇقۇپتۇ. بۇنى ساڭا بۇيرۇغانىكەن، سەن ئېلىشىڭ كېرەك! — دەپ، ئالتۇن-نى دېھقانغا قايتۇرۇپتۇ. دېھقان سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ ئالتۇننى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. يەر ساتقۇچى:

— سەن يەرنى سېتىۋېلىپ ھەيدەۋاتقىنىڭدا چىققان تۇر-سا، بۇ ئالتۇننى سەن ئېلىشىڭ كېرەك! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر بۇلار مەسلىھەتلىشىپ: «بۇنى پادىشاھقا بېرەيلى، خەزى-نىگە سالسۇن» دېيىشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، بول-غان ۋەقەنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل كى-شىنىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ:

— بۇنى مەنمۇ ئالمايمەن، چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ھەق-قىڭلار. ئەمما، ئىككىڭلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ھەر ئىك-كىڭلارمۇ ئالمىغۇدەكسىلەر، بۇنى ئەمىسە مۇنداق ھەل قىلاي-لى، — دەپتۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى-نى سوراپتۇ.

— دۇنيالىقتا بەش ياشقا كىرگەن بىر قىزىم بار، — دەپتۇ يەر ساتقۇچى.

— يەتتە ياشقا كىرگەن بىرلا ئوغلۇم بار، — دەپتۇ يەر ئالغۇچى.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىڭلار قۇدا بولۇڭلار ۋە ھازىردىن باشلاپ توختاملىشىپ قويۇڭلار، بالىلىرىڭلار چوڭ بولۇپ، بىللە ياشىغاندىن كېيىن، بۇ ئالتۇننى شۇلار ئىشلەتسۇن. بۇ توختام بىلەن ئالتۇننى مەھەللەڭلەردىكى دىيانەتلىك بىر كى-شىگە تاپشۇرۇڭلار، شۇ ساقلاپ قويسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇلار پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىگە رازى بولۇپ قايتىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداپتۇ.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىلىرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، باللىرى دادىلىرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر - بىرى بىلەن نىكاھلىنىشىپتۇ. بىر كۈنى مەھەللىدىكى بىر مويسىپىت كىشى بۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر كېسەك ئالتۇننى ئىككىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. قىز بىلەن ئوغۇل بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ. بىر چاغدا يىگىت خوتۇنىغا:

— دادىلىرىمىز قېرىغىنىغا قارىماي تەييار دۇنيانى ئىشلەتمەپتىكەن. بىز ياش تۇرۇپ تەييارغا ئىگە بولىمىزمۇ؟ — دېگەنىكەن، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. ئىككىسى بۇ كېسەك ئالتۇننى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆلۈپ كېتىپ، ئوغلى پادىشاھلىق قىلىۋاتقانىكەن، ئەمما ئاۋۋالقى پادىشاھنىڭ ۋاقتىدىكى ۋەزىر ھېلىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— داداممۇ بۇنى ئېلىشنى لايىق كۆرمەي، سىلەرگە قالدۇرۇپتىكەن، — دەپتۇ ئۇ، — سىلەرنىڭ ساپ كۆڭۈللۈكلار ماڭىمۇ تەسىر قىلدى. ئەمدى بۇنى مۇشۇنداق تالاش - تارتىش بىلەن ئىشلەتمىسەك، ھېچنېمىگە پايدىسى تەگمەيدۇ. ئۇنى قانداق ئىشلىتىش توغرۇلۇق ۋەزىر مەسلىھەت بەرسۇن.

ئىككىلەن بۇ سۆزگە رازى بولۇشۇپتۇ.

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزدىن تارتىپ، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ۋەزىر كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە ئادەم ئادىل، توغرا بولغانلىقتىن يۇرتىمۇ پاراۋان، باي بولۇپ كەلدى. مەن بۇ ئاتا - بالا تۆت كىشىنىڭ ساپ كۆڭۈللۈكىدىن رازى، پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن رازى. ئەمدى بۇ كېسەك ئالتۇنغا بىر باغ بىنا قىلدۇرايلى، ئۇنىڭدا دۇنيادىكى

ھەممە مېۋە بار بولسۇن، بۇ باغ خەلقنىڭ بولسۇن، بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى خەلق يېسۇن.

بۇ گەپكە پادىشاھمۇ، ئەر - خوتۇنمۇ رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالتۇننىڭ بەدىلىگە شۇنداق چوڭ باغ بىنا قىلىنىپتۇكى، پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى يېسىمۇ تۈگىمەپتۇ.



# ئات باقار

بۇرۇن، بۇرۇن، بۇرۇنكەن،
ئات ئېغىلى ئورۇنكەن.
ئات باقارنىڭ باققىنى
بوز ئات بىلەن تورۇقكەن.

بىر پادىشاھنىڭ ئىككى ياخشى ئېتى بولۇپ، بىرى بوز، بىرى تورۇقكەن. پادىشاھ بۇ ئىككى ئېتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئىككى ئاتقا خاس ئات باقار تاللاپ، باشقا ئاتلاردىن ئايرىپ باقتۇرىدىكەن. ئات باقار ئىككى ئاتنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، پادىشاھ ئات باقارغا ئىشىنىدىكەن ۋە ئۇنى: «راستچىل ئادەم» دەپ بىلىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئات باقارنى: «زادىلا يالغان ئېيتمايدىغان ئادەم» دەپ تەرىپىنى قىپتۇ. شۇئان ئوڭ قول ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن يالغان ئېيتقۇزسام، قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھ:

— يالغان ئېيتقۇزساڭ پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن، ئېيت-

قۇزالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن ! ــ دەپتۇ. ئوك قول ۋەزىر بۇنىڭغا رازى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن كۆپچىلىك بىر پۇتۇك پۇتۇپتۇ، ھەممىسى ھەقدارلىقى ھەققىدە مۆھرىنى بېسىپتۇ، مۆھرى يوقلىرى بارمىقىنى بېسىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوك قول ۋەزىر ئات باقارغا قانداق قىلىپ يالغان ئېيتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ. ئۇ ئات باقارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بوز ئات بىلەن توروق ئاتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ، ئاندىن ئات باقارغا:

ــ سەن بۇگۇندىن باشلاپ بۇ ئىككى ئاتنى يوقات ! ــ دەپتۇ. ئات باقار ھەيران بولۇپ:

ــ قانداق يوقىتىمەن؟ يوقالسا، پادىشاھقا نېمە دەيمەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ يوقىتىش ئاسان، ــ دەپتۇ ئوك قول ۋەزىر، ــ مەن قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، تويدا مۇشۇ ئىككى ئاتنى سويىسەن، پادىشاھقا ئاتلار ئۆلۈپ قالدى دەيسەن، ــ دەپتۇ. ئات باقار ئۆزۈندىن بېرى ئوك قول ۋەزىرنىڭ قىزىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن، شۇڭا نېرى - بېرىسىنى ئانچە كۆپ ئويلىمايلا ئوك قول ۋەزىرنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ. ئات باقار تويىنىڭ قەرەلى توشۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئىككى ئاتنى ئوك قول ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، ئىككى ئات سويۇلۇپ، گۆشى توي كۈنى جامائەتكە تارتىلىپتۇ. كەچتە نىكاھ ئوقۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ قىزى ئات باقارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپتۇ.

توي ئۆتۈپ، ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، ئات باقارنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىتىپتۇ، پادىشاھقا نېمە دېيىش توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق بىر ئەقىل كىرىپتۇ:

ئۇ ئات ئېغىلىنىڭ نېرىسىدىكى دۆڭگە بىر تال ياغاچنى

سانجىپتۇ، ياغاچقا ئۆزىنىڭ تۇمىقىنى كىيدۈرۈپتۇ، ئاندىن يېنىپ كېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى ھېلىقى ياغاچنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئۇنى «پادىشاھ» بىلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھىم، — دەپتۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئامانمۇ؟ — دەپتۇ «پادىشاھ». ئات باقارنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، يۈزى ئوت ئاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۆلۈپ قالدى! — دەپ بولۇپ: «ئاپلا، بۇ سۆزۈم قاملاشمىدى» دەپ بۇرۇلۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە ھېلىقى ئۆزى ياساپ قويغان ياغاچنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھىم، — دەپ سالام بېرىپتۇ. «شاھ» مۇ تونۇگۇنكىدەكلا:



— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئامانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغرى ئېلىپ كەتتى! — دەپتۇ ـ دە: «ئاپلا، بۇ سۆزۈم تېخىمۇ قاملاشمىدى» دەپ، يەنە ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ.

ئۆگۈنى يەنە ياغاچنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. «شاھ» ئۇنىڭ سا-

لىمىغا سالام قايتۇرۇپ، ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىكەن، ئات باقار:

— بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قازىنىدا قايىنىدى، ئات باقار ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ قويىنىدا يايرىدى، — دەپ-تۇ. شۇنىڭ بىلەن: «توغرا جاۋاب تاپتىم» دەپ، ئات باقارنىڭ كۆڭلى يورۇپ، خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەتىگەنچە ئاتلارنىڭ ئەھۋالىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىش قەرەلى توشۇپتۇ. پادىشاھ ئۆتكەنكى ۋەدىسى بويىچە ھەممە ئە-مەلدارلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئات باقار ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ-دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھىم، — دەپ سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئا-مانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئات باقار:

— بوز ئات بىلەن تورۇق ئات ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قازى-نىدا قايىنىدى، ئات باقار ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ قويىنىدا يايرى-دى، — دەپ راستىنى ئېيتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كۆپچىلىكتىن:

— راست ئېيتتىمۇ، يالغانمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، كۆپچىلىك:

— راست، راستىنى ئېيتتى، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈكچىنى چاقىرىپ، ھېلىقى پۈتۈكنى ئوقۇتۇپ-تۇ، ۋەدە بويىچە جاللاتنى چاقىرىپ، باشقىلارنى ئازدۇرۇپ، يالغان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغان ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ كاللىسى-نى ئاپتۇ. راست سۆز ئات باقارنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئات باقار ئات بېقىشتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

# ھۆۋەي باتۇر

بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ زامانلار ئىلگىرى بىر يېزا بولغانىكەن. بىر كۈنى بۇ يېزىدا چوڭ ئويۇن - تاماشا بوپتۇ، يېزىنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق بارلىق ئاھالىسى راسا تاماشا قىلىپ ھارغاندىن كېيىن كېچىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يېزىغا باسقۇنچىلار باستۇرۇپ كىرىپتۇ - دە، بارلىق ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. «ياۋ تەگدى! ياۋ تەگدى!» دېگەن قىيقاس - چۇقان بىلەن كۆتۈرۈلگەن كىشىلەر ياۋغا قارشى ئاتلىنىپ چىقايلى دەپ قارىسا، يېزىدا ھېچكىمدە ئات قالمىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار باسقۇنچىلارنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، قىيقاس - چۇقانلار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى پۈتۈن يېزا ئاھالىسى بىر جايغا توپلىنىپ، باسقۇنچىلاردىن ئاتلارنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ياشلارنىڭ ئارىسىدىن ھۆۋەي دېگەن بىر يىگىت:

— ئەگەر جامائەت لايىق كۆرسە، باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن بىز ياشلار قوغلاپ بارايلى، بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مانا مەن تەييار. قېنى يىگىتلەر، مېنىڭ بىلەن يەنە كىملەر بارىدۇ؟ — دەپتۇ.

كۆچ ـ قۇۋۋىتى ئېشىپ، باسقۇنچىلارغا غەزىپى قايىناپ
تۇرغان ياش يىگىتلەر: «مەنمۇ بارىمەن، مەنمۇ بارىمەن !» دەپ
كەينى ـ كەينىدىن ئۆز خاھىشلىرىنى ئىزھار قىپتۇ ـ دە،
شۇ زامات بەزىلەر قىلىچ، بەزىلەر ئوقيا، بەزىلەر پالتا ۋە تا-
ياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللىنىپتۇ، بىرنەچچە كۈنلۈك ئو-
زۇق ئاپتۇ ۋە باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ كېتىپ-
تۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېرىمى
چىدىماستىن: «ئۈچ كۈندىن بېرى باسقۇنچىلار بارىدىغان يې-
رىگىمۇ بېرىپ بولغاندۇ، بىز پىيادە ئۇلارغا قانداقمۇ يېتىشە-
لەيمىز؟ ! قويۇڭلار، شۇنچىۋالا قىلىپ بىزگە نېمە ئالۋان ئىد-
دى !» دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. قالغان يېرىمى يولنى داۋام
قىپتۇ، يولدا ئۇچرىغان جەرەن ۋە باشقا ئوۋ ھايۋانلىرىنى
ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئېگىز بىر تاغقا يې-
تىپ كەپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇ تاغقا كەلگەندە، باسقۇنچىلارنىڭ
ئىزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار: «ئاۋۋال بىرەرنەرسە ئوۋلاپ قورساقنى تويغۇزۇۋالاي-
لى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت
قىلارمىز» دەپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىسا، بىر قىيا تاشنىڭ
ئۈستىدە بىر كېيىك ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. ھۆۋەي قارىغا ئېلىپ
بىر ئاتقانىكەن، ھېلىقى كېيىك دومىلاپ چۈشۈپتۇ. بۇلار
چاقمىقىنى چېقىپ ئوت يېقىپتۇ ـ دە، كېيىك گۆشىنى راسا
كاۋاپ قىلىپ يەپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋېتۇ ۋە بىرئاز دەم
ئېلىپ يېتىپ ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئەمدى نې-
مە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلاپ-
تۇ. بەزىلەر: «بۇنىڭ بۇياقىغا ئىزسىز بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇ-
نىڭدىن كۆرە ھازىرلا قايتىپ كېتەيلى» دەپتۇ، بەزىلەر: «تە-
ۋەككۈلگە شۇ تاغنى ياقىلاپ مېڭىۋېرەيلى، ھېچبولمىغاندا بى-

ـرەر ئادەم بار يەرگە چىقىپ قالارمىز» دەپتۇ. بۇلارنىڭ پىكـ
ـرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۇۋەي:
ــ بولمىسا مۇنداق قىلايلى: سىلەر مەشەدە تۇرۇپ تۇ-
رۇڭلار، مەن تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە
قاراپ باقاي، ئەگەر تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرەر ئەل ـ يۇرت
كۆرۈنگۇدەك بولسا، قالپىقىمنى ئوڭ قولۇمغا ئېلىپ ئوڭغا
ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ مېنىڭ يېنىمغا چىقىسىلەر.
ئەگەر ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگۇدەك بولسا، قالپىقىمنى سول
قولۇمغا ئېلىپ سولغا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەر جا-
يىڭلاردا تۇرۇپ تۇرىسىلەر، مەن ئۆزۈم قايتىپ چۈشىمەن، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن كېتىمىز، ــ دەپ تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ
كېتىپتۇ.
ئۇ ئەڭ ئېگىز بىر چوققىغا چىقىپ قارىسا، تاغنىڭ ئۇ
تەرىپى ئاجايىپ چىرايلىق، توپتوز چىمەنلىك ئىكەن. ئۇنىڭ
بىر چېتىدە بىر يېزا بولۇپ، ئەتراپىتا سان ـ ساناقسىز يىلـ
قىلار، كالىلار، قويلار ئوتلاپ يۈرگۇدەك. بۇنى كۆرگەن ھۇۋەي



بىشىدىن قالپىقنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

تاغنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ، ھۆۋەينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئالتە دوستى ئۇنىڭ قالپىقنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ ۋە شۇ زامات ھۆۋەينىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقىپتۇ، ئۇ يەردىن توپتوغرا ھېلىقى يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ، يېزىدىكى بىر تۇل مومايىنىڭ ئۆيىگە چۈ-شۈپ، شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ، بۇ مومايدىن سوراشتۇرۇپ بىلسە، بۇ يېزا بىر چوڭ بايغا قاراشلىق بو-لۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى شۇ باينىڭ قۇل ۋە چاكار-لىرى ئىكەن. ئەتراپتا يەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي ئوتلاپ يۈرگەن سان - ساناقسىز ماللارمۇ شۇ باينىڭ بولۇپ، قۇل ۋە چاكار-لىرنىڭ ماڭلاي تەرى بىلەن توپلىغانىكەن. ئۇنى ئاز دەپ، ئۆزىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى يىراق يېزىلارغا ئەۋەە-تىپ، ھىمايىسىز ئاھالىنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ - تالىتىپ كې-لىدىكەن. ھۆۋەي باتۇرنىڭ يېزىسىنىڭ مېلىنىمۇ ئەنە شۇ باي ئۆزىنىڭ چاپارمەنلىرى ئارقىلىق بۇلاپ ئەكەلگەنىكەن.

بىر كۈنى ھۆۋەي ئەتراپنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بۇلاق بو-يىدا گۈل تېرىپ يۈرگەن چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستاغىنا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ گۈل تېرىشقا باشلاپتۇ، تەرگەن گۈل-لىرىنى قىزغا تەقدىم قىپتۇ ۋە ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ-لىشىپ ئىككىسى تونۇشۇپتۇ. ھۆۋەيمۇ چىرايلىق يىگىت ئىد-كەن، قىزمۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇ ھېلىقى باينىڭ قىزى ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى بىرنەچچە كۈن خالىيدا تېپىشىپ يۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى ھەر جۈمە كۈنى ئوۋ

ئۇۋلاپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتارمەن ـ چا-پارمەنلىرى بىلەن تاغقا كېتىدىكەن، كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندىن كېيىن مەي ـ شارابلارنى ئىچىشىپ ئۇزاق تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدىكەن ـ دە، كېيىن قاتتىق ئۇخلاپ قالىدىكەن. قىز ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۇۋەي بىلەن قې-چىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كېلىپ باي ئوۋغا چىقىپتۇ، كەچ-قۇرۇنلۇقى ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ ئۇزاققىچە ئولپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە كۆپ ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتقان ھۇۋەي قىزنىڭ ئىشا-رىسى بويىچە، ۋاقىتنىڭ يەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ، يولداشلىرى بىلەن يىلقىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئەڭ ياخشى سەككىز ئاتنى تۇتۇپ ئېگەرلەپتۇ، ئالتە ئاتقا ئالتە يولدىشىنى مىندۈرۈپ، ناھايىتى كۆپ ئاتلارنى ھەيدىتىپ يولغا ساپتۇ ـ دە:

— سىلەر توختىماي مېڭىۋېرىڭلار، مەن قىزنى ئېلىپ ئارقاڭلاردىن كۆزىتىپ ماڭىمەن، چۈنكى ئۇلار كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن، — دەپ، ئۆزى بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ قىزنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

قىز بىر بېشى لىققىدە كىيىم ـ كېچەك، بىر بېشى لىققىدە ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلغان خۇرجۇننى ئاتقا ئارتىپتۇ ـ دە، ئاندىن ئىككىسى يولغا راۋان بوپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە — يىراق بىر يەردە قاپقارا چاڭ توزۇتۇپ كېتىپ بارغان ئاتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ.

— ئاۋۇ ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان نېمە؟ — دەپ سوراپ-تۇ قىز.

— بىر ياققا كېتىپ بارغان كارۋان بولسا كېرەك، —

دەپ قويۇپتۇ ھۆۋەي، چۈنكى قىز بۇلارنى باسقۇنچىلار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ، يولداشلىرىنىڭ بارلىقى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا قىزغا ئېيتماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، شۇلارغا يېتىشىۋېلىپ بىللە ماڭساق بولىدىكەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭساق ياخشى بولاتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاتىڭىزنىڭ تونۇشلىرى بولۇپ قې- لىپ، سىزنى تونۇپ قالسا، قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ھۆۋەي.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنىڭ كەينى- دىن قارىسىنى كۆرۈپ ماڭغىنىمىز ياخشىكەن، — دەپتۇ قىز.

ئىككىسى ئالدىدىكى ئاتلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن: «بىر ئاز دەم ئېلىۋالايلى» دەپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئول- تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز بۇ جاينىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەس قى- لىپ قاراۋېتىپ، ئارقا تەرەپتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ- توزاننى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ھۆۋەيگە:

— ئاۋۇ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان چاڭ - توزاننى قاراڭ، ئېھتىمال ئاتامنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى قوغلاپ كېلىۋاتسا كېرەك. بولۇڭ، چاپسانراق قاچايلى! — دەپتۇ.

لېكىن، ھۆۋەي ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ، ئالدىدا كې- تىپ بارغان ئاتلارنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، دۈشمەن- نىڭ يولىنى شۇ يەردە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بوپتۇ ۋە قىز- نى ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزى بىر تاشنىڭ دالدىسىغا كىرىپ يول توسۇپ يېتىپتۇ.

باي ئۆلگۈچە ئىچىپ مەست بولۇپ، قاتتىق ئۇخلاپ قالغان جۇمە ئاخشىمىنىڭ ئەتىسى ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ قاچقانلىقى ۋە نۇرغۇن ئاتلىرىنى بىرىنىڭ ھەيدەپ كەتكەنلىكى

توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ئىز قوغلاپ چىققانىكەن. ئۇلار چاڭ - توپا توزۇتۇپ ماڭغىنىچە هۇۋەي ماراپ ياتقان تاشقا يېقىن كەپتۇ. هۇۋەي بىر ئاتقىلى تۇرغانىكەن، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كېتىپتۇ، قالغانلىرى ئۆزلىرىنى تاشلارنىڭ دالدىلىرىغا ئېلىپ ئېتىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاق ئېتىشقاندىن كېيىن باينىڭ ئادەملىرىدىن ئاخىر بەش - ئالتىلا كىشى قاپتۇ، باينىڭ ئۆزىمۇ يارىدار بوپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ هالاك بولۇشىغا كۆزى يەتكەن باي تەسلىم بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن هۇۋەي ئۇ بايدىن ئىككىنچى بۇ تەرەپلەرگە ئاياغ باسماسلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن هېچكىمنىڭ مېلىنى بۇلىماسلىقى توغرىسىدا تىلخەت ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۆزى بولسا، يولغا چىقىپ قىزغا يېتىشىۋاپتۇ، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، كېيىن ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئالدىدا ئات هەيدەپ كېتىپ بارغانلارغا يېتىشىپتۇ، شۇ چاغدىلا قىزغا ئۆز يولداشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، هەممە گەپنى ئېيتىپتۇ، يولداشلىرىغىمۇ يولدا بولغان قانلىق جەڭ توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر هەپتە يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەرسىز قايغۇرۇپ تۇرغان جامائەت ناهايىتى خۇشال بولۇپ قارشى ئاپتۇ.

هۇۋەي باتۇر ئىلگىرى ئۆزلىرى ئالدۇرۇپ قويغان ئاتلىرىدىن نەچچە باراۋەر كۆپ ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى يېزىنىڭ بارلىق ئاهالىسىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ، ئۆزى چوڭ توي - مەرىكە قىلىپ هېلىقى قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، هۇۋەي «باتۇر» دېگەن نامنى ئېلىپ، داڭقى پۈتۈن ئەتراپقا تارقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىنىڭ ئاهالىسى خاتىرجەم بولۇپ، بەختىيار هايات كەچۈرۈشكە باشلىغانىكەن.

# قاينا، چۆگۈن

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولغانىكەن، ئۇنىڭ مايىسخان دېگەن ئەمگەكچان ھەم چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. مەھەللىدىكى ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مايىسخاننى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما مايىسخان زېمىندار مامۇتنىڭكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان قۇرباننى يارىتىدىكەن. قىز ھەر دائىم قۇرباننىڭ قوي باققان يېرىگە بېرىپ ياردەملىشىدىكەن ھەم ئۇنىڭغا نەي چالدۇرىدىكەن. قۇربانمۇ: «توي قىلغۇدەك پۇل تاپساملا، سېنىڭ بىلەن توي قىلاتتىم» دەيدىكەن.

بىر كۈنى قۇربان ئىشلىگەن ئىشى ئۈچۈن زېمىندار مامۇتتىن پۇل سورىغانىكەن، ئۇ: «مەندە تېخى سېنىڭ ھېسابلاشقۇدەك پۇلۇڭ يوق» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر قۇربان يۇرتىدىن ۋە مايىسخاندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، پۇل تېپىشنىڭ باشقا ئامالىنى ئىزدەشنى قارار قىپتۇ. لېكىن، ئۇ زامانلاردا ھەممە نەرسە ئەمەلدارلار بىلەن زېمىندارلار قولىدا ئىكەن، كەمبەغەللەرنىڭ پۇل تېپىشىغا ھېچقانداق ئامال يوق ئىكەن، شۇڭا قۇربان ئۈچ يىل مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ پۇل تۇرماق ئىشمۇ تاپالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربان سەپەردە كېتىۋېتىپ، بىر



ئاقساقال بوۋايغا ئۇچرىشىپ قاپ-تۇ. بوۋاي تاماق يېمىگەنلىكىنى، قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن نان سوراپتۇ. قۇربان ئۆزىگە ئوخشاش جاپا-مۇشەققەت چەككەن كىشىنى كۆرسە، چىداپ تۇرالماي غەم-خورلۇق قىلىدىكەن، شۇڭا خۇرجۇنىدىكى ناندىن بىرئاز ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي يەپ بولۇپ يەنە سوراپتۇ. قۇربان ئۆ-زىنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى، بوۋايغا قارىغاندا چىداملىقراق ئى-كەنلىكىنى ئويلاپ، ناننىڭ ھەممىسىنى بوۋايغا بېرىۋېتىپتۇ. بوۋاي قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن قۇربانغا يېنىدىكى چۆگۈننى بېرىپ، سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە:

— يىگىت، سۇ ئېلىشتا چۆگۈننىڭ قاپقىقىنى ئېچىشنى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئەمگەك قىلىشنى ئۇنتۇما، — دەپتۇ.

قۇربان ئېرىنمەستىن ھەم يىراق دېمەستىن بىر چۆگۈن سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي سۇنى ئىچىپ بولۇپ يەنە بۇي-رۇپتۇ. قۇربان قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماستىن يەنە مې-ڭىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي چاقىرىۋېلىپ:

— ئاق كۆڭۈل يىگىت، سېنىڭ نېمىگە ھاجىتىڭ چۈش-سە، چۆگۈندىن: «قاينا، چۆگۈن» دەپ سورىساڭ، شۇنى بېر-دۇ، ھاجەت بولمىغان نەرسىنى سورىما، — دەپتۇ.

قۇربان سۇنى ئەكەلسە بوۋاي يوق. بۇ ئەجەب ئىشقۇ، دەپ، ھاڭ-تاڭ قاپتۇ قۇربان. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپنى ئىز-دەپتۇ، ۋارقىراپتۇ، لېكىن بوۋاينى ھېچقانداق يەردىن تاپالماپ-

تۇ. ئۇ، ھە، بۇ خىزىر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قۇربان بوۋاينىڭ سۆزىنى يادىغا كەلتۈرۈپ: «قاينا، چۆگۈن» دەپ، نان سورىغانىكەن، چۆگۈننىڭ ئىچىدىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان بىرقانچە ئىسسىق نان چىقىپ-تۇ. قۇربان خۇشال بولغىنىدىن ناخشىسىنى ئېيتىپ، چۆگۈن-نى كۆتۈرگىنىچە يۇرتىغا راۋان بوپتۇ، كېتىۋېتىپ، مايسى-خاننى ئەمدى ئالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

قۇربان كەتكەندىن كېيىن، زېمىندار مامۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مايسىخاننى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماپتۇ. مايسىخان بولسا، قۇرباننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى قۇربان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قاپتۇ. قولۇم - قوشنىلىرى ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. مامۇت بايلار بولسا: «بىر چۆگۈنلا ئەكەپتۇ، باشقا ھېچنېمە تاپالماپتۇ» دې-يىشىپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ ھەقىقەتەن چۆگۈندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇ چۆگۈندىن بىرنەرسە سورىماقچى بولۇپ: «پۇل سوراي-مۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ، ئاخىر بىر كەتمەن بىلەن ئۇرۇق سوراپتۇ، ئاندىن بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىپتۇ، مايسىخان ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ، كۈزلۈكى مول ھوسۇل ئاپ-تۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي - جابدۇق تەييارلاپ ئىككىسى توي قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ خاسىيەتلىك چۆگۈنى ھەققىدىكى خەۋەر تار-قالغاندىن كېيىن، مامۇت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلەپ، قۇرباننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قۇرباننىڭ مامۇتقا چۆگۈننى بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىسى-مۇ، ھامان ئۇنىڭ تارتىۋالىدىغانلىقىنى سېزىپ، دېھقانچىلىقتا

ئىشلىتىدىغان قوراللارغا تېگىشىشنى ئويلاپتۇ. مايسىخان قۇر-
بانىنى چاقىرىۋېلىپ:
— مامۇتنىڭ كۆك ئېتىغا تېگىشىڭ، يەر تېرىغاندا ئىش-
لىتىمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان جامائەت قۇربانغا ئە-
گىشىپ مېڭىپتىكەن، يېرىم يولدا چۆگۈننى ئېلىش ئۈچۈن
كېلىۋاتقان مامۇتقا ئۇچراپتۇ.
— چۆگۈنۈمنى سېنىڭ كۆك ئېتىڭغا تېگىشىمەن، —
دەپتۇ قۇربان.
— چۆگۈننىڭ سىرىنى كۆرسەت، — دەپتۇ مامۇت.
قۇربان جامائەت ئالدىدا: «قاينا، چۆگۈن» دەپتىكەن،
خىلمۇخىل نەرسىلەر چىققىلى تۇرۇپتۇ، بارغانسېرى كۆپ
چىقىپتۇ. مامۇت ھوشىنى يوقىتاي دەپ قاپتۇ. قۇربان چۆ-
گۈندىن چىققان نەرسە - كېرەكلەرنى بىللە كەلگەن كۆپچى-
لىككە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ.
مامۇت ۋەدە بويىچە كۆك ئېتىنى چۆگۈنگە تېگىشىپ،
تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە مې-
ڭىپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ، قولۇم - قوشنا ۋە ئۆيىدىكىلەرنى
ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ ئالتۇنلارنى يىغىۋېلىش
ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ.
قوشنىلىرى خېلى ۋاقىت تىڭ تىڭلاپ كۆرسىمۇ، مامۇت-
تىن ھېچ دېرەك بولماپتۇ. كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ
غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. ئاقىۋەت ئۇلار ئۆيىگە كىرىپ قارىسا،
چۆگۈندىن ئالتۇن ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى نۇرغۇن كېسەك
چىقىپ، ياۋۇز مامۇتنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ مامۇتنىڭ قولىدا ئېزىلىۋاتقانلار ھەم قۇر-
بان بىلەن مايسىخانلار ئازاد بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# ۋىجدانلىق ئايال

ئۆتكەن زاماندا قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن، ئۇ چوڭ ئىشلارنى ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىكەن، ئەمما مىجەزى كەسكىن ۋە شەپقەتسىز ئىكەن. شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولسا، ئىچى تار، كۆزى كىچىك، قارا نىيەت ئادەم ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئايالى ياش چاغلىرىدا تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىلەردىن بولسىمۇ، يىللار ئۆتكەنسېرى رەڭگى سولۇپ، ئايدەك يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھنىڭ سول قول ۋەزىرى دانىشمەن، مەردانە ئادەم ئىكەن، ئۇ ئوۋچىلىق بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىدىكەن، ئۆزى ماھىر مەرگەنلەردىن ئىكەن. سول قول ۋەزىر مۇشۇ شەھەرلىك، قولىنى قاياققا سوزسا شۇ ياققا يېتىدىغان بولسىمۇ، بۆلەك شەھەردىن بىر نامرات ئادەمنىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئالغانىكەن. بۇ ئايال شۇنچە چىرايلىق، كېلىشكەن بولۇپلا قالماستىن، ۋىجدانلىق ئىكەن. ئۇ بۇ خىل پەزىلىتى بىلەن تىللاردا داستان ئىكەن. ئەمما، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ كۆزى بۇ ئايالغا چۈشكەنىكەن، شۇڭا خېلى ئۇزۇندىن بېرى بۇ چىرايلىق ئايالنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش نىيىتىدە ئىكەن. ئۇ ئاخىر سول قول ۋەزىرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ، بىراق

ھېچبىر ئەپلىك چارە تاپالماي خېلى ئاۋارە بوپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە پادىشاھ ئېگىز راۋاقتا چىقىپ، پۈتكۈل شەھەرگە نەزەر تاشلاپتۇ. يىراقتىكى ياپيېشىل تاغلار، تاغ ھاۋاسى شاھقا ھۇزۇر بېغىشلاپتۇ، كۆڭلى كېيىك گۆشى تارتىپ قاپتۇ. راۋاقتىن چۈشكەندىن كېيىن سول قول ۋەزىرنى چاقىرتىپ، كېيىك تۇتۇپ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. سول قول ۋەزىر بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭمۇ بىللە بارغۇسى كېلىپ پادىشاھنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاقىۋەت ئىككى ۋەزىر بىرمۇنچە چەۋەندازلارنى ئەگەشتۈرۈپ، كېيىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ خىيالى كېيىك تۇتۇشتا ئەمەس، مۇشۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سول قول ۋەزىرنى كۆزدىن يوقىتىشتا ئىكەن. ئۇلار يىراقلاپ ماڭغانسېرى، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بۇ نىيىتى كۈچىيىپ بېرىپتۇ. ئۇلار جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتسا، تاغ ئارىسىدا بىر جۈپ كېيىك ئوتلاپ يۈرگۈدەك. سول قول ۋەزىر ئوقيانى كېيىككە چەنلەپتۇ، ئوڭ قول ۋەزىر بولسا نېرىراق يەردە تۇرۇپ، ئوقيانى سول قول ۋەزىرگە چەنلەپتۇ ۋە سول قول ۋەزىرنى ئېتىپتۇ. ئوق سول قول ۋەزىرنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ، مەيدىسىدىن چىقىپتۇ. باتۇر، مەردانە سول قول ۋەزىر شۇ يەردىلا يىقىلىپ جان تەسلىم قىپتۇ. چەۋەندازلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۆز قىلمىشىنى يوشۇرۇپ: «مەنمۇ بىر كېيىككە قارىتىپ ئاتقانىدىم، ئوق قېيىپ كېتىپ سول قول ۋەزىرگە تېگىپ كەتتى. ئامال قانچە، بۇمۇ خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاجىمىز يوق» دەپ، سول قول ۋەزىرنىڭ جەسىتىنى شۇ يەرگە قويغۇزۇپتۇ. ئۇلار ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ شۇم خەۋەرنى

سول قول ۋەزىرنىڭ ئايالىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ ئايال شۇ چاغدا تۇغۇتتىن ئەمدىلا قوپقانىكەن. ئايال يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئىلاجسىز ھەسرەت چېكىپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ سەمىگە سالمايلا پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ ئايالنى ئوردىدىن كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. ئايال چەت بىر كوچىدىكى ئەسكى ئۆينى ماكان قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر بۇ ئايالنىڭ بىرەر ئايلىق ئوزۇقى بىلەن بىرەر قۇر ئۆي جابدۇقلىرىنى بېرىپلا قالغان مال - مۈلۈكلىرىنى بەرمەپتۇ. كېيىنرەك ئوردىدىن بېرىلىدىغان نەپىقىلەرنى توختىتىپ قويۇپتۇ. ئەمما، بۇ ئايالنىڭ قولى چېۋەر ئىكەن، كۈنىگە ئۈچ يىك يىپ ئېگىرىدىكەن، بىر يىك يىپنى بىر يارچەنگە سېتىپ، نان، چاي، تۇز ئالىدىكەن، قالغىنىنى بىر خالتىغا سېلىپ يىغىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنى مانا مۇشۇنداق يىپ ئېگىرىپ سېتىش بىلەن ئۆتىدىكەن. يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپ ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ.



ئوڭ قول ۋەزىرا بولسا، كېچە - كۈندۈز بۇ ئايالنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيىدىكەن. شۇنداق

داغۇ ھەسرەت ئىچىدە سەككىز ئاينى ئاران تۇشقۇزۇپتۇ، تا-
قىتى ـ تاق بولۇپ سەۋرى تۈگەپتۇ. ئاخىر بۇ گۈزەلنى قول-
غا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى سول قول
ۋەزىرىنىڭ ئايالى بىر چۈش كۆرۈپتۇ: گۈگۈم ۋاقتىدا ئىككى
تەرىپى ئېگىز دەرەخزارلىق بىر كوچىدا ئالدىراپ ئۆزى يال-
غۇز كېتىۋاتقۇدەكمىش. كوچىدا ئۇنىڭدىن بۆلەك بىرەرمۇ ئا-
دەم كۆرۈنمەسمىش. بىردىن ئۇنى سەل سۇر بېسىپتۇ، چېكە-
لىرىدىن چىپىلداپ تەر چىقىپتۇ. دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن يو-
غان ھەم يۇڭلۇق ئۈچ يولۋاس سەكرەپ چىقىپتۇمىش.
يولۋاسلار ئۈچ تەرەپتىن ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ خىرىس
قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئايال
ئارقىسىغا داجىشىغا، ئۈچ يولۋاس بىراقلا سەكرەپ ئۇنىڭغا
ئېتىلىپتۇ... ئايال «ۋاي» دەپ چىرقىراپ ئويغىنىپ ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن
بالىسى چۆچۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئايالنىڭ چىرايى سامانىدەك
سارغىيىپتۇ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ ئاغزىغا تىقىلىپتۇ.
ئۆينىڭ تۆت تېمى، بۇلۇڭ ـ تورۇسلىرى كۆزىگە سۈرلۈك،
ئەندىشىلىك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. بالىسىنى باغرىغا بېسىپ
يىغلاپ ئېسەدەپ كېتىپتۇ. بالىسى ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ
قاتتىق يىغلاپتۇ. ئايال يالغۇز ئۆيدە بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ-
ياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، دەھشەتلىك خىياللار ۋەھىمىسى
ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ، سەھەردە بەش سەر يارچەن بىلەن
ئىككى ناننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، سەدىقە بېرىۋېتەي، دەپ
بىر نامرات موماينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. موماي ئۇنى قىزغىن
قارشى ئاپتۇ، چاي راسلاپ، ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. چاي
ئىچىپ ئولتۇرۇپ ۋەزىرىنىڭ ئايالى كۆرگەن چۈشىنى ۋە كېچە
تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بىر ـ بىردىن بايان قىپتۇ.

تۇل خوتۇن ئۇنىڭ گېپىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاللاھۇئەكبەر، يامان چۈش كۆرۈپ قاپسەن، قىزىم، بۇ چۈشۈڭدىن قارىغاندا، بىر چوڭ سۈيىقەستىكە ئۇچرايدىغاندەك تۇرىسەن، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ ۋە ئايالنى ھوشيار بولۇشقا، قورقماسلىققا دەۋەت قىپتۇ. ئايال بولسا ئۆز چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر غەمگە پېتىپتۇ، چۈشىنى ئېيتقىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ، قالايمىقان، ئەندىشىلىك پىكىر - خىياللار ئىلكىدە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ يىپ ئېگىرىشنى توختاتماپتۇ، بازارغا يىپ ئاپىرىپ سېتىپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئالتە يىك يىپنى كۆتۈرۈپ بازارغا چىقىپتۇ. يىپ بازىرىغا بېرىپ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرسا، ئوڭ قول ۋەزىر بىر توپ نۆكەرلەر بىلەن ئېتىنى ئوينىتىپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ۋەزىر ئۆزى يالغۇز پىيادە مېڭىپ قايتىپ كەپتۇ. بازار ئارىلاپ بۇ ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى كەمسىتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپتۇ. ئايال ئەدەپ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئات ئۆلگەن بىلەن تاي قالدى، ۋەزىرىم، جان باقماق ئۈچۈن ئوقەت قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئېگىلىشىپ يىكنى قولىغا ئاپتۇ ۋە دەڭسەپ كۆرۈپ:

— بىر يىك يىپىڭىز نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر يارماق، تەقسىر.

— باشقىلاردىن قىممەت سېتىپسىز، شۇنداقتىمۇ مەيلى، مەن ئالدىم. پۇلىڭىزنى ئەتىگەنلىككە ئۆيدىن ئېلىڭ، — دەپ ئالتە يىك يىپنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئايال بولسا يا لام - يا

جىم دېيەلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاپتۇ.

ئايال ئەتىسى سەھەر تۇرۇپتۇ. بالا ئويغانغۇچە ۋەزىردىكى پۇلنى ئەكېلىۋالاي، دېگەن ئوي بىلەن ئىشىكنى تاقاپتۇ ـ دە، بالىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۆزى ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىنانىڭ بالىخانىسىدا سۇمبۇل چاچ ئايالنىڭ كىرىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ۋەزىرنىڭ يۈرىكى ئايالنىڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «شۇۋ» قىلىپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئايال ۋەزىرنىڭ خانىسىغا ئۇدۇل كىرىپتۇ، ۋەزىر نەچچە قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايالنى قوبۇل قىپتۇ ۋە يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ، لېكىن ئايال پەگاھدىلا ئولتۇرۇپ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىپتۇ. ۋەزىر نۇرغۇن قۇرۇق تەكەللۇپلاردىن كېيىن راست گېپىگە چۈشۈپ:

— سىز مېنىڭ تارتىۋاتقان دەردىمنى بىلمەيۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيدىكەنمەن، دەردلىرى مېنىڭ دەردىمگە ياماقچىمۇ بولالماس، — دەپتۇ ئايال ئاچچىقلاپ.

— دۇرۇس، — دەپتۇ ۋەزىر، — بالدۇرراق شۇنداق دېگەن بولسىڭىز مەنمۇ كۆيۈك ئوتىدا مۇنچىلا پۇچۇلانماس ئىدىم ھەم دەردىڭىزگە دەرمان بولالەيتتىم ئەمەسمۇ.

ئايالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قاپىقى تۈرۈلۈپتۇ:

— مەن ئۆزۈم ئېگىرگەن يىپنىڭ پۇلنى ئالغىلى كەلدىم. بېرىۋەتسىلە، ئاستا كېتىۋالاي. ئۆيدە بالام يالغۇز قالدى، — دەپتۇ.

— كېتىۋالاي؟ نەگە كېتىسەن؟ ! — ۋەزىرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ، ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەھەرلىك ھىجىيىپ تۇرۇپ دەپتۇ، — ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتكىنـ

دىن كېيىن ئەرنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەندۇ؟ ئەر قەدرى ئۆتۈلسۇن، دەپ سېنى ئاشۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويدۇم. ئەمدى ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولساق قانداق دەيسەن؟

— تەقسىر، بۇ قانداق گەپ؟ سول قول ۋەزىرلىرى دۇنيادىن ئۆتكىلى بىر يىلمۇ بولمىدى. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئورۇنسىز گەپنى قىلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟ !

— مېنىڭدەك ئادەمنى تاپمىقىڭ قىيىن. قوينۇڭنى كۆك ياغاق بىلەن تولدۇرماي، ئالدى ـ ئارقاڭنى ئويدان ئويلا !

— بۇ گەپنى ئويلىغۇچىلىكىممۇ يوق، ئاۋارە بولمىسىلا.

ۋەزىر ئايالنى گەپ بىلەن ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، يامان نىيىتىنى زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇپ ئايالغا تاشلىنىپتۇ. ئايال بولسا پاك ۋىجدانىنى قوغداش يولىدا قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئايال جان ئاچچىقىدا يانچۇقىدىكى قەلەمتىراچنى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا ئۇرۇپتىكەن، قان ئۇرغۇپ چىقىپتۇ، ۋەزىر «ۋاي» دەپ ۋارقىراپ قولىنى تۇتۇشى بىلەن ئايال ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ تالاغا چىقىۋاپتۇ. ۋەزىر جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ مۇلازىملارنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار ئايالنى تۇتۇۋاپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئايالنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا كويزا ـ كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئايال زىنداندا يېتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان بالىسىنى ئەسلەپتۇ، كۆكسىگە سۈت يىغىلىپ بارغانچە قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئازاب ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. بويى قىزىپ، تىترەك ئولىشىپ، بەدىنىگە مىڭلىغان يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ياشلىرى تۆكۈلگەن ھالدا زىنداننىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۆيدە قالغان بالا بولسا ئويغىنىپ ئاپىسىنى ئىزدەپتۇ، ئىشىككە تەلمۈرۈپتۇ. ئاپىسى كىرمىگەندىن كېيىن ئۆمىلەپ

بوسۇغىنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ «نان» دەپ يىغلاپتۇ، يىغلاۋېرىپ ئۈنى بوغۇلۇپ، يىغلاشقىمۇ مادارى يەت-مەي بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ.

ۋەزىر قان چىقىپ تۇرغان قولىنى چاڭ تۇتقان پېتى پا-دىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— داد، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ.

— خوش، سىلىگە نېمە دەرد كەلدى؟ ئېيتسىلا، — دەپ-تۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— سول قول ۋەزىر قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — ئۇنىڭ ئايالى يامان يولغا كىرىپ كەتتى. ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلدىم، ئاڭلىمىدى. داۋاملىق جانابلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شا-ئۇشۆھرىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولدى، يامان نىيەتلىك ئادەملەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ماڭا قەست قىلدى. كېچە ھۇزۇرۇمغا بېسىپ كىرىپ، مانا بۇ قولۇمغا پىچاق سالدى. ھېلىمۇ ياخشى، خۇدا مېنى بۇ بالادىن بىر ساقلىدى، بولمىسا شۇ ئايالنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولاتتىم. بۇ نېمىدېگەن ھەددىدىن ئېشىش، نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك!...

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپكە كەپتۇ، ئايالغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ شەھەردە جازاغا تارتىلغانلارنى دومىلىتىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر ئېگىز تاغ بار ئىكەن. جاكارچىلار كوچا - كوچىلاردا سول قول ۋەزىر-نىڭ ئايالىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى، خالايىقنىڭ «جازا تېغى»غا بېرىشىنى جاكارلاپتۇ. ئەمما، خەلق سول قول ۋەزىر-نىڭ ئايالىنى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تىرىشچان، ۋىجدانلىق ئايال، دەپ تونۇيدىكەن، شۇڭلاشقا پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممە كىشى ھەيران بوپتۇ، ئايالغا ھېسداشلىق قىپتۇ ۋە

ئىچ ئاغرىتىپتۇ. خەلق تۇشمۇتۇشتىن جازا مەيدانىغا قاراپ مېڭىشىپتۇ.

زىنداننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، جاللاتلار كىرىپ كەپتۇ. ئايالنى زىنداندىن ئاچىقىپ «جازا تېغى»غا ھەيدەپ مېڭىپتۇ. ئايال قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا مېڭىپ كېتىۋاتقاندا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق ـ سانجاق تۇرغان شەھەر خەلقى ئارىسىدىن: «بۇ بىچارىگە ناھەق ئۇلۇم ھۆكۈم قىلدى، ئۇۋال بولدى، بۇ سەۋر ـ تاقەتلىك ئايال ئىدى، ئەجەب بوپتا...» دېگەن سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئايال پۇتلىشىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ تاغقا چىقىشقا باشلاپتۇ. تاغنىڭ قاق بېلىگە كەلگەن چاغدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پادىشاھقا تەلمۇرۇپ قاراپ:

— داد، پادىشاھىئالەم، بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دەپ توۋلاپتۇ.

— ھە، گېپىڭنى ئېيتىۋال، — دەپتۇ پادىشاھ.

— تېخى يېشىغا توشمىغان بالام بار ئىدى، ئۇ ئۆيدە قالدى. ئى-



جازەت بولسا مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇ بالامنى بىر كۆرۈۋالسام، — دەپتۇ ئايال.

پادىشاھ ئايالغا ئىجازەت بېرىپتۇ، بىراق تېزدىن قايتىپ كېلىشنى جېكىلەپتۇ، ئايالنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئايال ياغلىقىنى تېڭىپتۇ، تاغدىن پەسكە قاراپ يۈگۈ-رۈپتۇ، ئوقتەك ئۇچۇپ بارغان پېتى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئېتىلىپ كىرىپتۇ، بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. بالا كۆزى-نى ئاچقاندا ئانىسىنىڭمۇ كۆڭلى يورۇپتۇ، ئەندىشىسى كۆتۈرۈلۈپ، سەل يېنىكلەپتۇ. بالىسىنى ئېمىتىپ بولۇپ قارىسا، يىغقان پۇللىرى يېرىم خالتا بولۇپ قالغانىكەن، ئۇنى ئاپتۇ، بالىسى-نى كۆتۈرۈپتۇ، «جازا تېغى» تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بالىسى-نى كۆتۈرگەن ھالدا ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىجازەت بولسا، ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئىجازەت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بىرى، مۇشۇ نارەسىدە، بەختسىز ئوغلۇمنى قوش-نامغا تاپشۇرۇپ بەرسەم. يەنە بىرى، ھالال ئەمگىكىم بىلەن يىغقان يېرىم خالتا يارچىنىم بار ئىدى، شۇنى خالايىققا سەدىقە قىلىۋالسام.

پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. ئايال بالىسىنى قوشنىسىغا تاپشۇرۇپتۇ، لېكىن بالا ئانىسىغا چىڭ چاپلىشىۋېلىپ، چىر-قىراپ يىغلاپ ئاجرىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئانا - بالىنىڭ نالىسى جىمى ئادەمنى يىغلىتىۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ سەل تەسىرلىنىپتۇ، ئەمما چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بىكار قىل-سام شەنىمگە داغ تېگىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

لېكىن، ئوڭ قول ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بالىنى ئانى-نىڭ باغرىدىن يۇلۇۋاپتۇ، ئايالنىڭ قوشنىسىغا ئاسلاننى تاش-

لىغاندەك تاشلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن ياساۋۇللار ئايالنى يالاپ «جازا تېغى»نىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپتۇ. ئايال تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ھېلىقى يىغقان يارچەنلىرىنى خەلققە قارىتىپ چېچىپتۇ. خەلق ئايالغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە دۇئا ئوقۇپتۇ. جاللاتلار ئايالنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپتۇ. ئايال چەمبەرچاس باغلانغاندىن كېيىن، ئوڭ قول ۋەزىر كېلىپ ئايالغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىغەرەز خوتۇن، شۇنى بىلىپ قويغىنىكى، بەگ بىلەن ئېلىشىپ بولمايدۇ، باتۇر بىلەن چېلىشىپ. سەن جاھىللىق قىلماي ماڭا تەگسەڭ، مۇشۇ دەردۇ بالامۇ يوق ئىدى. مانا ئەمدى تېرەڭدە داپ كېرىپ، ئۈستىخىنىڭدا ساپ ياسايمەن، — دەپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن تىك تاغ چوققىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپتۇ. لېكىن، كۆپچىلىككە بەرگەن سەدىقىنىڭ ساۋابىدىنمۇ ياكى بۇ ئىشنىڭ ناھەق بولغانلىقىدىنمۇ، ئايال يەرگە ساق ـ سالامەت چۈشۈپتۇ، بىرەر جايىمۇ زەخىملەنمەپتۇ. «ئايال يەرگە چۈشۈپتۇ، بىراق ئۆلمەپتۇ» دېگەن خەۋەر شۇ ھامان پادىشاھقا يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ: «بۇ قانداق ھېكمەت؟» دەپ، ئۆزى تاغ تۈۋىگە بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئايال تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغۇدەك. شاھ بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ئايالنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ، ئايالنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىشنى جاكارلاپتۇ. ئايال بالىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. كىشىلەر تارقىلىپتۇ، پادىشاھ مەپىگە چۈشۈپ ئوردىغا قايتىپتۇ، كېلىۋېتىپ، بۇ ئايالنىڭ ئوردىغا كىرمەي، باشقا ياققا كەتكىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنگىچە بۇ ئايالنى ئوردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، دەپ يۈرگەنىكەن، ئوردىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەن، شۇڭلاشقا باشقىلاردىن:

— بۇ ئايال نەگە باردۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.



ــــ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، ــــ دەپتۇ باشقىلار. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ مەيدىن چۈشۈپتۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئايال ماڭغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ بىر چەت خالتا كوچىدىكى تاملىرى قىڭغىيىپ ئۆرۈلۈپ كېتەي، دەپ قالغان ئەسكى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئايالنىڭ كەينىدىن كىرىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىنى سەپسېلىپ كۆزىتىپتۇ. بۇ يەردە سول قول ۋەزىرنىڭ ۋاقتىدىكى بىساتلاردىن بىرىمۇ يوق ئىدى. كەن، پەقەت ئەسكى پالاس، پۇچۇق قازان، بىر كىشىلىك يوتقان ــ كۆرپىلا بار ئىكەن. ئايال بولسا بالىسىنى قۇچاقلاپ سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ ۋە ئايالدىن سوراپتۇ:

ــــ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئوردىنىڭ ئىچىدە ئىدى، بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىسىز؟

ــــ شۇنداق، پادىشاھىئالەم. بۇ ئىشلاردىن جانابلىرىنىڭ

خەۋىرى يوق. مۇرەببىم قازا قىلىپ بىرەر ئايدىن كېيىن ئوك قول ۋەزىرلىرى مېنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ قويغان، — ئايال گەپنى شۇنداق باشلاپ ئوك قول ۋەزىرنىڭ ئۆز ئېرىگە قانداق سۈيىقەست قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئالىمەن، دەپ قانداق زورلۇق ئىشلەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ جان بېقىش ئۈچۈن يىپ ساتقانلىقى ۋە دەھشەتلىك چۈشلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورايمەن، دەپ زالىملىق قىپتىمەن - دە !» دەپتۇ. شۇ كۈنلا ئايالنى ئوردىدىكى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چىقىپ، جاللاتلارغا ئوك قول ۋەزىرنى تۇتۇپ كېلىش پەرمانى چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار ھايال ئۆتكۈزمەي ئوك قول ۋەزىرنى تۇتۇپ ئەكەپتۇ. ئوك قول ۋەزىرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ پەرمان پۈتكۈل شەھەرگە جاكارلىنىپتۇ. شەھەردە بىرمۇ ئادەم قالماي «جازا تېغى» غا بېرىپتۇ. جاللاتلار ئوك قول ۋەزىرنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ جازا مەيدانىغا ھەيدەپ كەپتۇ. ۋەزىرگە خەلقنىڭ نەپرىتى قار - يامغۇر بولۇپ يېغىپتۇ.

پادىشاھ ئوك قول ۋەزىرنى تاغدىن دومىلىتىشقا ھېلىقى ئايالنى تەيىنلەپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنى تىك چوققىغا ئاچىقىپ تۇرغۇزۇپتۇ. ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي ۋىجدانسىز، جاڭگالدىكى بۆرە چېغىدا ئۆز توپىغا قەست قىلمايدۇ. سەن بۆرىدىنمۇ رەھىمسىزكەنسەن، سەن ماڭا قىلمىدىڭ، ئاقىۋەت ئۆزۈڭگە قىلدىڭ، ماڭا كولىغان ئورىغا ئۆزۈڭ چۈشتۇڭ. مانا ئەمدى خەلقئالەم سېنىڭ رەسۋاچىلىقىڭنى كۆردى. سەندەك قارا نىيەتتىن بىرى يوقالسا، جاھاندا يامانلاردىن بىرى كېمىيىدۇ، يوقال ! — دەپ تاغدىن دومىلىتىۋېتىپتۇ. ۋەزىر يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە لەختە - لەختە بو-

لۇپ كېتىپتۇ. خەلق بۇنىڭدىن قارا نىيەتلىك كىشىنىڭ ھامان جازاسىنى تارتىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ئايالدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئايال پادىشاھنىڭ ۋە پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەر بوپتۇ، ئابرۇي - ئىناۋىتى ھەسسىلەپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنى سول قول ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما، ئايال پادىشاھنىڭ بۇ ھىممەتلىرىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ، ئاخىر رۇخسەت ئاپتۇ، بۇ ئەلنىڭ خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، بالىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۆلتاڭ بول» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# هۇرۇن

بۇرۇنقى زاماندا شەيدۇللا ئىسىملىك بىر هۇرۇن ئۆتكەنكەن، ئۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئاچ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ خۇدادىن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تىلەپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. بىر شورلۇققا كەلگەندە ئالدىغا بىر بۆرە ئۇچراپتۇ.

— هەي شەيدۇللا، — دەپتۇ بۆرە ئۇنىڭغا، — نەگە ماڭدىڭ؟

— خۇدادىن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تىلىگىلى ماڭدىم، — دەپتۇ شەيدۇللا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بۆرە، — يەتتە يىلدىن بۇيان قورسىقىم ئاغرىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، شۇنىڭ داۋاسىنى سوراپ كەلسەڭ.

شەيدۇللا بۆرىگە ۋەدە بېرىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، بىر تۈپ ئالمىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر ئاز دەم ئالماقچى بوپتۇ.

— شەيدۇللا، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپتۇ ئالما زۇۋانغا كېلىپ. شەيدۇللا ئۇنىڭغا ئەهۋالنى ئېيتىپتۇ.

— هەر يىلى ئەتىيازدا چېچەكلەيمەنۇ، مېۋە بېرەلمەيۋاتىمەن، شۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ كەلسەڭ، — دەپتۇ ئالما.

شەيدۇللا ئۇنىڭغىمۇ ۋەدە بېرىپ، يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ بىر كۆل بويىغا كەپتۇ.

— ھەي شەيدۇللا، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپتۇ بىر بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ.

شەيدۇللا ئۇنىڭغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ياخشى گەپكەن، — دەپتۇ بېلىق، — يەتتە يىلدىن بۇيان گېلىم ئاغرىۋاتىدۇ، داۋاسىنى سوراپ قالساڭ.

شەيدۇللا ئۇنىڭغىمۇ ۋەدە بېرىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا ئالدىدا بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ، يېقىن بارسا، تاغ باغرىدىكى بىر غاردىن:

— توختا! نەگە بارىسەن؟ — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ.

— خۇدادىن يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك تىلىگىلى.

— تىلىگىنىڭنى بەردىم، — دېگەن سادا كەپتۇ يەنە بىر غاردىن.

شەيدۇللا: «تىلىكىم ھەل بولدى» دەپ، خۇشال بولۇپ، شۇ هامان كەينىگە يېنىپتۇ.



— ھەي شەيدۇللا، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ يەنە غاردىن، — سەن ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭغۇ؟

— مەن، مەن... راستىنلا ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن! — دەپتۇ شەيدۇللا دۇدۇقلاپ ۋە بۆرە، ئالما،

بىلىقنىڭ تەلپىنى ئېيتىپتۇ. غاردىن بۇنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب كەپتۇ.

شەيدۇللا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەرنى ئال-غىلى ئالدىراپ كېتىۋاتسا، بېلىق ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا بارمىكەن؟

— باركەن، — دەپتۇ شەيدۇللا خۇشياقماسلىق بىلەن، — گېلىڭغا بىر گۆھەر تۇرۇپ قالغانىكەن، شۇنى ئېلىۋەتسەڭ دەرھال ساقىيىدىكەنسەن.

— شۇ گۆھەرنى سەن ئېلىپ، مېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇ-رۇپ قويساڭ.

— خۇدايىم مېنىڭ تىلىگىنىمنى بەردى، — دەپتۇ شەي-دۇللا، — سەن ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈڭ قىل، مەن ئالدىرايمەن.

ئالدىراش كېتىپ بارغان شەيدۇللادىن ئالما سوراپتۇ:

— مېنىڭ ئىشىمنى سورىغاچ كەلگەنسەن؟

— تۈۋىڭگە كۆمۈلگەن بىر كوزا تىللانى ئېلىۋەتسەڭ چېچىكىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەيدىكەن.

شەيدۇللا ئالمىنىڭ: «تىللانى سەن ئېلىۋال، مەنمۇ ئىن-سانلارغا ئاز - تولا مېۋە بېرەي» دەپ، يالۋۇرۇشلىرىغا پى-سەنتمۇ قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. بىر يەردە ئۇنىڭغا بۆرە ئۇچ-رىشىپ سوراپتۇ:

— مېنىڭ كېسىلىمنىڭ داۋاسىنى سورىغاچ كەلدىڭمۇ؟

— سەن ھورۇن ئادەمنىڭ گۆشىنى يېسەڭ ساقىيىدىكەن-سەن.

شەيدۇللا بۆرىگە بېلىق، ئالمىلار توغرىسىدىكى گەپنىمۇ ئەزمىلىك بىلەن دەپ بېرىپتۇ. بۆرە غەزەپلىنىپ:

— دۇنيادا سەندىنمۇ ھورۇن ئادەم بولمىسا كېرەك، — دەپتۇ ۋە بىر ئېتىلىپلا كېلىپ شەيدۇللانى يەۋېتىپتۇ.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 15　维吾尔文
SS号=40250797